مەملىكەت بويىچە 100 نوقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE



# MIRAS 美拉斯

# مىراس

6
2009

ISSN 1004-3829
12>



ئەسقەر تۆردی سزغان

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال

2009 - يىل 6 - سان

(ئومۇمىي 116 - سان)




باش مۇھەررىر:

**ۋاھىتجان غوپۇر**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

**مۇختار مۇھەممەد**

مۇھەررىرلەر:

**نۇرنىسا باقى**

**خۇرسەنئاي مەتىمىن**

جاۋابكار مۇھەررىر:

**خۇرسەنئاي مەتىمىن**

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت

Tel: (0991) 4554017

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 - 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى:

ISSN1004 - 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 60

پوچتا نومۇرى: 830001

E-mail: mirasuyghur@126.com

چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM

ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040

باھاسى 6.00 يۈەن

تاق ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

## كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق

ئانا دەريا — ئەزىم يۇرۇڭقاش ......... سادىر تۇرسۇننىياز ئۇدۇنلۇق (1)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

قاغىنىڭ قاق دېگىنى نېمە دېگىنى؟ ... توپلىغۇچى: مۇھەممەدجان ئابدۇرېھىم (11)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

خەلق ئەدەبىياتى مىراسلىرى چىن بولسۇن ... خۇرسەنئاي مەتىمىن (16)

ئالتۇن كەش ......... ياسىن مۇھەممەدنىيازتېكە، گۈھەرنىسا ئابلىكىم (18)

ژۇرنال ماركىسى ۋە تەھرىرنىڭ مەسئۇلىيىتى ... ئىمىرھەسەن مەخمۇت (25)

مۇزىكا ئىجادىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ...... پەرھات غۇلام (39)

مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز ھەققىدە ئويلار ......... غالىب غوجىئابدۇللا (45)

خەتتاتلىق — گۈزەللىكنىڭ ئەينىكى ............. شۆھرەت پازىل (55)

ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىقچىلىق ئىگىلىكى ............ ئابدۇقەييۇم مىجىت (60)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

تۇيۇقسىز قانات چىقىرىش ......... شۆھرەت مۇھەممىدى تەرجىمىسى (29)

ھايۋانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىنىڭ سىرى ...... ئېرشادىي تەرجىمىسى (57)

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

## ساقلىقىڭ ــ شاھلىقىڭ

ئەنئەنىۋى تائام ــ ئۇماچ ……………… ئابلىز مۇھەممەد سايرامى (34)

## كۆلكە ــ جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار ……………………… خۇرسەنئاي مەمتىمىن تەرجىمىسى (41)

## ئادەت قىرىماس

ھويلا - ئاراملىرىمىز ……………………… مۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن (49)

## ئومۇمىي مۇندەرىجە

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە بولغان ئومۇمىي مۇندەرىجىسى (70)

**بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ قۇربان ھېيتىغا مۇبارەك بولسۇن!**

**مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەزىزە تۇيغۇن**
**تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ**

مۇقاۋىدا: «تويغا مېڭىش» ئەسقەر تۇردى سىزغان

**مۇقاۋا 1 -، 2 -، 3 - بەت رەسىملىرىنى «غەربىي دىيار ئۇسلۇبى گالېرېيىسى» تەمىنلىگەن**

ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى **پولات ئابدۇكېرىم خوجا، ئابلىز ئابدۇللا** قاتارلىقلار تەمىنلىگەن.

بەت ئاستىدىكى ماقال - تەمسىللەرنى غۇلجا شەھەرلىك پارتكوم تەزكىرە ئىشخانىسىدىن **ئىسھاق باستى** تەمىنلىگەن.

Chief editor: Wahitjan Ghopur
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin

保护文化遗产
捍卫精神家园

总编：
**瓦依提江·吾甫尔**
副总编：
**穆合塔尔·穆罕默德**
（法人代表）
编辑：
**努尔尼沙·巴克**
**胡尔仙阿依·买买提明**
**本期责人编辑：**
**胡尔仙阿依·买买提明**

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：**58—60**
**E-mail**：mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 - 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 - 3829
PostCode : 58 - 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# ئانا دەريا ـ ئەزىم يۇرۇڭقاش

سادىر تۇرسۇننىياز ئۇدۇنلۇق

يۇرۇڭقاش دەرياسى ــ ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ مۇشۇ زېمىنغا تەقدىم قىلغان تەۋەررۇك سوۋغىسىنىڭ ئەڭ ئېسىللىرىنىڭ بىرى. يۇرۇڭقاش ــ ئۇ ناھايىتىمۇ قەدىمكى ۋە بەكمۇ مەشھۇر نامدۇر. يۇرۇڭ ــ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز تىلىدىكى ئاقلىق، پاكلىق، سۈزۈك، يورۇق، روشەنلىك دېگەن مەنىدىكى سۆز. مۇشۇنداق مەناغا ئىگە «يۇرۇڭ» دېگەن سۆز بىلەن قاشتېشىدىكى «قاش» سۆزى بىرىكىپ ئاق قاشتېشى دەرياسى، يۇرۇڭقاش دېگەن گۈزەل، ئېزگۈ مەنالىق ئىسمنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

يۇرۇڭقاش، مۇشۇ زېمىندا ھاياتلىق ئاپىرىدە قىلغان، جانلىقلارغا جان ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان ئانا دەريادۇر. ئۇنىڭسىز جەننەتتەك بۇ گۈزەل بوستانلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى كۆلمۇ ئەمەس، سازلىقلارمۇ ئەمەس، بۇلاقمۇ ئەمەس دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئېگىز تاغلاردىكى قار ـ مۇز سۇلىرىدۇر. يەنى ھەيۋەتلىك قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان مۇز تاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى شىمالىي شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى قارلىق چوققىلار يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسىدۇر. بۇ جايدا چوقچىيىپ تۇرغان بىر قانچە ئېگىز تاغ چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 6744 مېتىر، 6827 مېتىر كېلىدۇ. يۇرۇڭقاش دەرياسى مۇشۇ ئېگىز چوققىلاردىكى قار ـ مۇز ئېرىندىلىرىدىن ھاسىل بولغان تارام ـ تارام ئېقىنلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئەزىم دەريا بولۇپ شەكىللەنگەن.

خوتەن دىيارىدا يۇرۇڭقاش دەرياسى، قاراقاش دەرياسى، تازغۇن (گۇما) دەرياسى، سانجۇ دەرياسى، چىرا دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، نىيە دەرياسى، ياۋا تۇڭگۇز دەرياسى، ئەندىرە دەرياسى قاتارلىق 36 دەريا ـ ئېقىن ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ دەريا ـ ئېقىنلار خوتەن بوستانلىقىنىڭ ھاياتلىق كاپالىتىدۇر. بولۇپمۇ قەدىمدىن بۇيان «شاھ دەرياسى»، «قاشتېشى دەرياسى»، «ئاق قاشتېشى دەرياسى» نامىدا ئاتىلىپ، تەرىپلىنىپ



كىلىنىۋاتقان يۇرۇڭقاش دەرياسى خوتەندىن ئىبارەت بۇ گۈزەل زېمىنىنىڭ ھاياتلىق قان تومۇرىدۇر.

يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 513 كىلومېتىر بولۇپ، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسىدىن باشلاپ توخۇكۆزلۈق دېگەن يەرگىچە بولغان بۆلىكى يۇقىرى ئېقىن دەپ ئاتىلىدۇ. دەريانىڭ بۇ يۇقىرى ئېقىنى ئاساسلىقى تاغلىق رايونلاردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. دەريا يولى تار بولۇپ سۇ ئىنتايىن ئىتتىك ئاقىدۇ. يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ توخۇكۆزلۈق دېگەن يەردىن خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق جىيا، خوتەن ناھىيىسىگە قاراشلىق يېڭى ئېرىق يېزىلىرى تەۋەسىگىچە بولغان قىسمى ئوتتۇرا ئېقىن دەپ ئاتىلىدۇ. دەريانىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ يۈزى نىسبەتەن كەڭ بولغاچقا بۇ يەردە سۇنىڭ ئېقىش تېزلىكى ئاستا، شۇنداقلا دەريا يولى ئەگرى - بۈگرى كۆرۈنىدۇ. يېڭى ئېرىق ۋە جىيا يېزىلىرىدىن باشلاپ قوشلاش دېگەن يەردە قاراقاش دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ خوتەن دەرياسى دەپ ئاتىلىپ، قوشلاشتىن 319 كىلومېتىر ئېقىپ شورتاڭ دېگەن يەردە تارىم دەرياسىغا قوشۇلۇشقىچە بولغان ئارىلىق مۇساپىسى تۆۋەن ئېقىن دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بۆلەك تەكلىماكان چۆلىنى بېسىپ ئۆتكەن بولغاچقا بۇ يەردىكى دەريا يۈزى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ بارىدۇ. بۇ جايدا تېيىز ساھىللار، ئارالچاقلار كۆزگە كۆپ چېلىقىدۇ. دەريا سۈيى يىلانسىمان كۆرۈنۈشتە ئەگرى - بۈگرى لىنىيە بويىچە ئاقىدۇ.

يۇرۇڭقاش دەرياسى پەسىللىك دەريا بولۇپ 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بولغان مەزگىلى بۇ دەريانىڭ كەلكۈن مەزگىلى يەنى سۈيى مول مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. ئەتىياز، كۈز، قىش پەسلى دەريانىڭ سۈيى ئاز مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيى تارىم دەرياسى سۇ تەركىبىنىڭ 22.5% نى ئىگىلەيدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى سۇ بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. شۇڭىمۇ سۇ ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ قالغان. ئىنسانلار دەريا - ئېقىنلارنىڭ بويىلىرىدا ياشاپ سۇغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن، ئۇ يەرلەردە ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىز - ئابىدىلىرىنى ئىختىرا قىلغان. شۇڭا دەريا - ئېقىنلار ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى، دېگەن قاراش كىشىلەر ئېڭىدا شەكىللىنىپ كىشىلەردە دەريا - ئېقىنلارغا، سۇغا تىۋىنىش ئاساسىدا ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇشتەك ياشاش ئۇسۇلى بارلىققا كەلگەن ۋە داۋاملىشىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ جەرياندا «سۇ ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى»، «دەريا - ئېقىن بار يەردە سۇ بار، سۇ بار يەردە ھاياتلىق بار، سۇ بولمىسا ھاياتلىق بولمايدۇ» دېگەندەك ھېكمەتلەر كىشىلەر ئېڭىدا شەكىللىنىپ ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ سۇ بىلەن ھاياتلىقنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى ئىپادىلەپ سۇنىڭ ئىنسانلار ھاياتى ۋە ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم رولى نامايان قىلىپ بېرىلگەن، كېيىنكى مەزگىللەردە كىشىلەر مۇشۇ قاراشلارغا ئاساسەن دەريا - ئېقىن بويىلىرىدىن ھاياتلىق ۋە مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى ئاختۇرۇپ ۋە بايقاپ دەريا - ئېقىنلار ھاياتلىقنىڭلا ئەمەس بەلكى مەدەنىيەتنىڭمۇ بۆشۈكى، دېگەن يەكۈننى چىقارغان. دەريا - ئېقىنلارنىڭ ھاياتلىق ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى رولى مۇشۇنداق گەۋدىلىك بولغاچقا كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا دەريا - ئېقىنلار بىلەن مەدەنىيەت ئۇقۇمى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش تۇيغۇسى ھاسىل بولۇپ ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى دەريالارنىڭ نامى بىلەن باغلاپ ئاتايدىغان ئادەت شەكىللەنگەن.

بۇ قاراشلارغا ئاساسەن شۇنداق يېزىش مۇمكىنكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندا تارىم ۋادىسىدا ياراتقان مول مەزمۇنلۇق، رەڭگارەڭ مەدەنىيىتى «تارىم دەريا ساھىلى مەدەنىيىتى» («تارىم مەدەنىيىتى») دەپ ئاتالغان. بۇ ناملار بۈگۈنكى كۈندە بۇ دەريالار

جايلاشقان ئورۇندىكى مىللەتلەرنىڭ سەلتەنەتلىك مەدەنى-
يىتىنىڭ ئەھۋالىدىن ئۇچۇر- مەلۇمات بېرەلەيدىغان ئاساس-
لاردۇر. بۇ خىل ئاتالمىلار ئۆز نۆۋىتىدە بۇ دەريالارنىڭ
شۇ يەردىكى پارلاق مەدەنىيەتنىڭ شاھىدى، گۇۋاھچىسى
ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

تارىم دەرياسى — مۇشۇ دىياردىكى بىر قانچە
ئۇششاق ئېقىنلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان دەريا
بولۇپ، دەريا ۋادىلىرىدا يارىتىلغان مەدەنىيەت «تارىم
مەدەنىيىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. «تارىم مەدەنىيىتى» نامىدا
ئاتالغان بۇ «مەدەنىيەت» ئاتالغۇسى ۋەزنى ئېغىر، چېتى-
لىشى دائىرىسى كەڭ، مەزمۇن قاتلىمى مول، رەڭگارەڭ
بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ دېھقانچىلىق، باغ-
ۋەنچىلىك، ئۇۋچىلىق، رەسساملىق، نەققاشلىق، بىناكار-
لىق، ھەيكەلتىراشلىق، ياغاچچىلىق، ئاسترونومىيە، توقۇ-
مىچىلىق، ئويمىچىلىق، كەشتىچىلىك، ئەدەبىيات- سەنئەت،
مەتبەئەچىلىك، تېبابەتچىلىك، كىيىنىش، يېمەك- ئىچمەك
قاتارلىق ساھەلەردىن ئۇنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرۈپ ئېلىشقا
بولىدۇ. تارىم دەرياسىنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولۇش سۈپە-
تى بىلەن تارىم مەدەنىيىتىنىڭ ئاپىرىدە بولۇشىغا مۇھىم
ھەسسە قوشۇپ كەلگەن يۇرۇڭقاش دەرياسى ۋادىسىدا قە-
دىمكى زامانلاردا قەغەزچىلىك، گىلەم، يىپەك - ئەتلەس
توقۇش، قاشتېشى ئويمىچىلىقى قاتارلىق ھۈنەر - كەسپ
تۈرلىرىدە دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە مەدەنىيەت مە-
راسلىرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت ئىختىرالى-
رى بىر پۈتۈن تارىم مەدەنىيىتىنىڭ سەمەرىلىك نەتىجىلىرى
سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ كەلمەكتە. يۇرۇڭقاش دەرياسى ئېقى-
نى ۋە يۇرۇڭقاش دەرياسى ۋادىلىرىدا نۇرغۇن مەدەنىيەت
يادىكارلىق ئورۇنلىرى بار بولۇپ بۇ جايلاردىنمۇ ئەجداد-
لارنىڭ قەدىمكى ھاياتلىق ئىزىغا، مەدەنىيەت ئىختىرالىرىغا
دائىر قىممەتلىك مىراسلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

يۇرۇڭقاش دەرياسى تاتلىق سۇ بايلىقىغا مول دەريا
ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىدىن بۇ ۋادىدىكى ئادەملەر،
ئۇچار قۇشلار، ھايۋاناتلار، مۇنبەت ۋادىلار، دەل- دە-
رەخلەر سۇ ئىچىدۇ. ئۆز ھاياتلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلى-
دۇ. شۇڭا بۇ دەريا سۈيى كىشىلەرگە ئەڭ زور مەنپەئەت
يەتكۈزگەن بىباھا بايلىقتۇر.

يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيى ياز پەسلىدە كېلىش
سەۋەبلىك سۇ مەنبەسى نىسبەتەن ئاز بولغان كاتېگورىيە-
گە مەنسۇپ چەكلىك بايلىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ دەريا
سۈيىنىڭ قىممىتى، ئەھمىيىتى ئۇنىڭدىكى ھەرقانداق بايلى-
قنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ جە-
ھەتتە يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيى مۇشۇ دىياردىكى ھا-
ياتلىقنىڭ تۈپ كاپالىتىدۇر.

يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيى قاراقۇرۇم تاغلىرىدى-
كى قار- مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئۇ
كۈن نۇرىنىڭ تەپتىدىن ئوزۇق ئېلىپ ئاقىدۇ. شۇڭا كى-
شىلەر بۇ دەريا سۈيىنى «ئەركەك سۇ» دەپ ئاتاپ ئەتە-
ۋارلاپ ئىچىدۇ. كۈن نۇرىغا تويۇنغانلىقى، پاكىزلىقى،
تەملىكلىكى، تاتلىقلىقى، شىپالىقلىقى بۇ سۇنىڭ ئۆزىگە
خاس ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. تەجرىبە نەتىجىلىرىگە
ئاساسلانغاندا، دەريا سۈيىنىڭ تەركىبىدە ئادەمنىڭ ساغ-
لاملىقىغا پايدىلىق بولغان، شىپالىق مىنېرال ماددىلارنىڭ
تەركىبى يۇقىرى بولۇپ، بۇ سۇنى ئىچكەندە تۈرلۈك يۇ-
قۇملۇق كېسەللىكلەردىن، راك قاتارلىق ئەجەللىك كېسەل-
لىكلەردىن ساقلانغىلى بولىدىكەن. بۇ ھەقتە خوتەندە ئەل
ئارىسىدا «يۇرۇڭقاش دەريا سۈيىنى ئىچكەندە تەنىنىڭ
ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگىلى
بولىدۇ. چېچى چۈشۈپ كەتكەن ئادەم يۇرۇڭقاش دەريا-
سى سۈيىنى ئىچىپ بەرسە بېشىغا يېڭىدىن تۈك ئۈنىدۇ،
چاچ چىقىدۇ. دەريا سۈيى بەدىنىنى تەمرەتكە بېسىۋالغان
ئادەملەرنىڭ تەمرەتكە كېسىلىگە شىپا قىلىدۇ. ئاياللار
دەريا سۈيىدە چېچىنى تاراپ بەرسە چېچى ئۇزۇن، قارا،
توم، پارقىراق بولىدۇ، ئادەملەر دەريا سۈيىدە يۇيۇنۇپ
بەرسە چىرايى گۈزەللىشىدۇ» دەيدىغان قاراش كەڭ تار-
قالغان. گەرچە بۇ قاراشلارنىڭ ئىلمىي ئاساسىنىڭ بار-
يوقلۇقى ھەققىدە بىزدە ئېنىق دەلىل- ئىسپات بولمىسىمۇ
لېكىن بۇلار يۇرۇڭقاش دەرياسى سۈيىنىڭ كىشىلەر تۇر-
مۇشىدىكى رولىنىڭ مۇھىملىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە بىزنى
قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭا خوتەندە بۇ
دەريا سۈيىنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن بېرىدەك «ھاياتلىق
كەۋسىرى»، «جاننى، يۈرەكنى ياشارتقۇچى زەمزەم»،
دېگەندەك ناملاردا ئاتىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. خو-
تەندە يۇرۇڭقاش دەرياسى سۈيىنى «خاسىيەتلىك سۇ»
دەيدىغان قاراش كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر ئورناپ
كەتكەن بولۇپ، مۇشۇ سەۋەبلىك كىشىلەردە دەريا
سۈيى، دەريا قىنىنىڭ پاكىز بولۇشىغا، بولۇپمۇ سۇنىڭ

پاكىزلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان قاراش ۋە ئەنـ
ئەنە كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت ئادىتىگە ئايلانغان، شۇڭا
دەريا قىنىغا، دەريا بويىغا كۆل، يۇندا، ئەخلەت تۆكسە،
چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلسا «يامان بولىدۇ» دەيدىغان
قاراش چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ۋە ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان
ئادەتكە ئايلانغان.

خوتەن — ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋە
گۈللەنگەن ئەڭ مۇقەددەس جايلىرىدىن بىرى بولۇپ،
يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن كېسەل داۋالاش
ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ
مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە بۇنىڭدىن
ئۇزاق يىللار ئىلگىرى دەريا سۈيى بىلەن كېسەل
داۋالاش ئەنئەنىسى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ ئەنئەنىـ
نىڭ ئىزنالىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە
داۋالاش ئىشلىرى ساھەسىدە كەڭ قوللىنىلماقتا. يۇرۇڭـ
قاش ۋادىسىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا: «يۇرۇڭقاش دەرياـ
سىنىڭ سۈيىنى ئىچسەڭ كېسەل بولمايسەن، ئەگەر
كېسەل بولۇپ قالساڭ يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيىنى
ئىچىپ بەرسەڭ ساقىيىسەن»، دەيدىغان گەپ بار. گەرچە
بۇ گەپ سەل مۇبالىغە گەپتەك بىلىنسىمۇ، ئەمما دەريا
سۈيىنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشتە
بىر قەدەر ئادىل، بىر قەدەر مۇۋاپىق قاراش بولۇپ ھېـ
سابلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ داۋالاش ئەمەلىيىتىدىن يەكۈنلەپ
دەريا سۈيىنىڭ شىپالىق سۇ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان
تەجرىبە نەتىجىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:
(1) يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيى بۆرەككە تاش
چۈشۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ،
يەنى دەريا سۈيى ئىچىپ بەرگەندە ئادەم بۆرىكىگە تاش
چۈشمەيدۇ، ئەگەر تاش چۈشكەن بولسا دەريا سۈيىنى
ئۇزاق مۇددەت ئىچىپ بەرسە تاش پارچىلىنىپ چۈشۈپ
كېتىدۇ. دەريا سۈيى تاش پارچىلاش خۇسۇسىيىتىگە
ئىگە؛ (2) يۇرۇڭقاش دەرياسى سۈيى يۇقىرى قان بېسىـ
مى كېسىلىنى داۋالاشنىڭ شىپالىق دورىسى ھېسابلىنىدۇ.
يەنى بۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلار دەريا سۈيىنى
ئىچىپ بەرسە قان بېسىمىنىڭ يۇقىرىلاپ كېتىشىدەك خەـ
تەرلىك كېسەلدىن ساقلىنالايدۇ. چۈنكى، دەريا سۈيىنى
ئىچىپ بەرگەندە سۇ بەدەندىكى تۇزنى بەدەن سىرتىغا
چىقىرىپ تاشلايدۇ. نەتىجىدە قان بېسىمىنىڭ يۇقىرىلاپ
كېتىشىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلغىلى بولىدۇ؛ (3) يۇرۇڭـ
قاش دەرياسى سۈيى ئادەم بەدىنىدىكى زەھەرلەرنى
ھەيدەش، زەھەر قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، دەپ
قارىلىدۇ. يەنى بۇ دەريانىڭ سۈيىنى ئىچكەندە سۈيدۈكـ
نىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق، زەھەرلىك
ماددىلارنى بەدەن سىرتىغا چىقىرىپ، زەھەرنى ھەيدىگىـ
لى بولىدۇ؛ (4) يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچكەندە
تەرەتنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، بۇ
ئارقىلىق قەۋزىيەت كېسىلى بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغىـ
لى بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ؛ (5) يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ
سۈيى تاتلىق، تەملىك سۇ، چۈنكى ئۇ كۈن نۇرى
كۆرگەن، شۇڭا بۇ سۇنى كۆپ ئىچكەندىمۇ قورساقى
ئېسىلىش، بېشى ئاغرىش، مىجەزى تۆۋەنلەپ كېتىش
ئالامىتى كۆرۈلمەيدۇ.

يۇقىرىقىلار يۇرۇڭقاش دەرياسى سۈيىنىڭ ئۇيغۇر
تېبابىتى بويىچە كېسەل داۋالاش تەجرىبىلىرىدىن چىقىـ
رىلغان يەكۈنلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ سۇنىڭ
ھەقىقەتەن شىپالىق سۇ ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىزغا
ئاساس بولالايدۇ. بۇ دەريانىڭ سۈيى مۇشۇنداق
خىسلەتلەرگە باي بولغاچقا كىشىلەر بۇ دەريانىڭ سۈيىـ
نى ياقتۇرۇپ ئىچىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن.
ھەتتا يىراقتىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلارنى مەخسۇس
يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيىدە قاينىتىلغان چاي بىلەن
مېھمان قىلىش، مۇشۇ سۇدا ئېتىلگەن غىزا ـ تائاملاردا
ئوزۇقلاندۇرۇش ئەنئەنىگە ئايلانغان. كىشىلەر يەنە
دەريا سۈيىنى ئىچىشتىمۇ ئۆزىگە خاس ئۇسۇلنى بارـ
لىققا كەلتۈرگەن. بۇنىڭدا كىشىلەر ئائىلىسىدە بۇرۇنـ
لاردا قاپاق ياكى ياغاچ كۈپ ھازىر بولسا تۆمۈر
ياكى سۇلياۋدىن ئىشلەنگەن تۇڭ ياكى باكلارنى ۋە
ياكى ئىدىشلارنى ئىشلىتىپ ئۇنىڭغا دەريا سۈيىنى
قاچىلاش ئۇسۇلىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ھازىر گەرچە
خوتەن شەھىرى ۋە لوپ، خوتەن ناھىيىلىرىنىڭ دەريا
ۋادىلىرىدىكى يېزا ـ بازارلىرىدا تۇرۇبا سۈيىنى ئىچىش
ئومۇملاشقان بولسىمۇ، لېكىن شارائىتى، ئىمكانىيىتى
بار ئادەملەر قاتناش ۋاسىتىلىرىگە تايىنىپ دەريانىڭ
يۇقىرى ئېقىنىدىن سۇ ئېلىپ كېلىپ بۇ سۇنى ساقلاپ
ئىچىدىغان ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

يۇرۇڭقاش دىيارىدا ئاساسلىقى دەريا ۋادىسىدا

كىشلەر دەريا سۈيىنى ساقلاپ ئىچىشكە ئەھمىيەت
بېرىش بىلەن بىرگە سۇنى ساقلاشنىمۇ ئۆزىگە خاس
ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. يەنى دەريا سۈيى ئائىلىلەردىكى
ئىدىش، تۇڭلارغا قاچىلانغاندىن كېيىن كىشلەر سۇ
سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش
ئۈچۈن يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن چىقىدىغان ئۆرۈك
چوڭلۇقىدىكى شېغىل - تاشلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا
تېرىپ ئۇنى سۇ ئىچىگە سېلىپ قويىدۇ. بۇ شېغىل -
تاشلار سۇدىكى قۇم - لاي، سېغىز قاتارلىق زىيانلىق
ماددىلارنى ئۆزىگە سۈمۈرۈپ سۇنىڭ سۈزۈك ۋە ئى-
چىشلىك بولۇشىنى، سۇنىڭ ئاسان بۇزۇلۇپ قالماسلىقى-
نى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. بەزى كىشلەر سۇ ساقلاش
ئەسلىھەلىرىنىڭ تېگىنى بىر ئامالالار بىلەن يىڭنە كۆزى
چوڭلۇقىدا تېشىپ قويىدۇ. بۇ يەردىن سۇ بىلىنەر -
بىلىنمەس ھالەتتە تامچىلاپ تۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ھاۋا
ئۆتتۈشۈپ، سۇنىڭ بىخسىپ قېلىش، بۇزۇلۇپ سۈپىتى-
نىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. يەنە بىر
قىسىم كىشلەر پىشقان قاپاقنىڭ ئىچىنى پاكىزلاپ
دەريا سۈيىنى قاپاقتا قاچىلاپ ئىچىش ئادىتىنى يېتىل-
دۈرگەن بولۇپ، بۇنىڭدا يۇرەك زەئىپلىكىنىڭ ئالدىنى
ئېلىش مەقسەت قىلىنغان. چۈنكى تېبابەتتە قاپاقتا سۇ
قاچىلاپ ئىچسە يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشىنىڭ
ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، دەيدىغان ئىلمىي قاراش بار
بولۇپ، دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، خوتەندە
كىشلەر دەريا سۈيىنى سوغۇق سۇ ھالىتىدە ئىچىشكە
ئادەتلەنگەن، كىشلەر گۆشگىردە، پولۇ، كاۋاپ قاتار-
لىق دائىلىق يەرلىك غىزا - تائاملارنى دەريا سۈيى بى-
لەنلا ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بەزى ئاشخانا تى-
جارەتچىلىرى ياز كۈنلىرى دەريا سۈيىنى ئېلىپ كېلىپ
ساقلاپ خېرىدارلارغا قويۇپ بېرىش ئارقىلىق خېرىد-
دارلارنى ئۆز تىجارىتىگە جەلپ قىلىش ئادىتىنى بارلىققا
كەلتۈرگەن.

يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيى يەنە تۈرلۈك -
تۈمەن ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلارنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى-
دۇر. يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئۇزۇن ئېقىن بويلىرىدا
تۈرلۈك - تۈمەن ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار بار.
ئۇلار يىل بويى مۇشۇ دەريا سۈيىنى ئىچىپ، دەريا
سۈيى بىلەن ئاينىغان ئوت - چۆپلەرنى، مېۋىلەرنى
يەپ ھايات كەچۈرىدۇ.

يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيى خوتەن بوستانلىقى-
نىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاشتا، مۇھىت تەڭ-
پۇڭلۇقىنى ساقلاشتا مۇھىم رول ئويناپ كېلىۋاتىدۇ.
خوتەن تولىمۇ قۇرغاق رايون، بۇ جاينىڭ ھۆل -
يېغىن مىقدارى ئاز بولۇپ ھەر يىلى 5 - ئايدىن 8 -
ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ۋاقىت خوتەندە ئىسسىق ئا-
دەتتىن تاشقىرى قاتتىق بولىدۇ. يۇقىرى تېمپېراتۇرا
كۆپىنچە ھاللاردا 35 سېلسىيە گرادۇستىن يۇقىرى بولىدۇ.
خوتەن تۇپرىقى ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدە دىمىق
بولۇپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا تاغلاردىكى قار - مۇزلار ئېرىپ
دەرياغا سۇ كېلىشكە باشلايدۇ. بۇ سۇ ئۆز نۆۋىتىدە
خوتەن بوستانلىقىدا، ئاساسلىقى خوتەن شەھرى ۋە دەريا
ۋادىلىرىدا ھەددىدىن زىيادە ئىسسىق بولۇپ كېتىشىنىڭ
ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ. مۇھىتقا سالقىن، ئىللىق
بولغان ساپ ھاۋا ئاتا قىلىدۇ.

يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيى يەنە ئىھاتە ئورمىنى
بەرپا قىلىش، بوز يەر ئېچىش، ئۇنى گۈللەندۈرۈش ئىش-
لىرى ساھەسىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مەلۇمكى تاش، قۇم - شېغىل قاتارلىقلار بىناكارلىق
ۋە تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ كەم بولسا بولماي-
دىغان ماتېرىياللىرىدۇر. يۇرۇڭقاش دەرياسى بۇنداق ما-
تېرىيال بايلىقىغا باي دەريا بولۇپ، ئۇنىڭ قويىنىدىن چى-
قىدىغان بۇنداق بايلىقلاردىن بۇ يەردىكى ئەل - جامائەت
ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ
كەلگەن. بۇ يەردىكى كىشلەرنىڭ ئەجدادلىرى بۇنىڭدىن
نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى دەريادىن چىقىدىغان تاش، قۇم -
شېغىلنىڭ ياخشى بىناكارلىق ماتېرىيالى بولالايدىغانلىقىنى
تونۇپ يەتكەن. بۇ جەھەتتە ھەجمى قوغۇن - تاۋۇز
چوڭلۇقىدىكى تاشلاردىن بىنا - ئۆيلەرنىڭ ئۇلىنى تۇتۇش-
نى بىلگەن، سانائەت تەرەققىي قىلىپ سېمونت ئىشلەپ
چىقىرىلغاندىن كېيىن ئۇلى تۇتۇلغان يەرلەر قۇم، شېغىل،
سېمونت، سېغىز ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەن لاي ئارقىلىق
چىڭدالغان، پۇختىلانغان. بۇ ئارقىلىق ئۆينىڭ پۇختا، سۇ-
پەتلىك بولۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. ئۆينىڭ ئۇلىغا
بېسىلغان تاشلار ئۆيلەرنى زەي، شور ئاپەتتىن ساقلاش-
تا، ئۆيلەرنى ھۆلچىلىك ئاپىتىدىن ساقلاشتا مۇھىم رول
ئويناپ كەلگەن. بۇ جەھەتتە يۇرۇڭقاش دەرياسىنى بىنا-





2009.6

كارلىق، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تاش، قۇم - شېغىل، سېغىز قاتارلىق ماتېرىياللارنىڭ خورىماس بۇلىقى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ، شۇنداقلا مۇشۇنداق ماتېرىياللارغا تويۇنغان كان، دەپ قاراشقا بولىدۇ. يۇرۇڭقاش دەرياسىدىكى تاش، قۇم - شېغىللار كەلكۈن مەزگىلىدە سۇ بىلەن بىرگە ئېقىپ كېلىدۇ. شۇڭا بۇ دەريا سۇ تەركىبىدە قۇم مىقدارى كۆپ دەريا ھېسابلىنىدۇ. سېغىز دەريانىڭ سۇ ئېقىپ قۇرۇپ قالغان قۇرۇق ئېقىنلىرىدىن چىقىدۇ، تۇرالغۇ ئۆي سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تاشلار، شېغىللار دەريانىڭ يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا ئېقىنلىرىدىن چىقىدۇ، قۇم ئوتتۇرا ئېقىنلىرىدىن ئاساسلىقى تۆۋەن ئېقىندىن چىقىدۇ. بۇلاردىن ئاۋام پۇقرالارمۇ بىمالال پايدىلىنالايدۇ. بۇ ماتېرىياللار يەنە يول قۇرۇلۇشىدا يول ئۇلىنى چىڭداش، بىناكارلىق ۋە تۇرالغۇ ئۆيلەردە ھەرخىل شەكىل ۋە گۈل نۇسخىلىرىنى چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. قۇم ئۆينى سۇۋاپ سىلىقلاشقا، يول ئۇلىنى، ئۆي تېگىنى تەكشىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن چىقىدىغان قۇم يىرىك ۋە تەبىئىي بولۇپ ئادەتتە قۇرۇلۇشچىلار تەرىپىدىن «ئەركەك قۇم» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جايدىن يەنە بىر خىل يۇمشاق قۇم چىقىدۇ، بۇنداق قۇملار تەنتەربىيە مەيدانلىرىغا تۆكۈلۈپ يىراققا سەكرەش تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ قۇملاردىن يەنە رەسساملار، ھەيكەلتىراشلار قاپارتما نەقىش رەسىمى ئىجاد قىلىشتا پايدىلىنىدۇ. بۇ قۇملار يەنە كۆزدە ئۈزۈم قۇرۇتۇشتا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ قۇملاردىن يەنە سۇپەتلىك كۆك خىش ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ.

يۇرۇڭقاش دەرياسى يەنە ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، ھۆزۈر بەخش ئېتىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ كۆرۈنۈشتىكى غەلىتە تاشلارنىڭ مەنبەسىدۇر. شۇڭا غەلىتە تاشلارمۇ بۇ دەريانىڭ ئۆزگىچە قىممەتلىك بايلىقىدۇر. يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا ئېقىنى غەلىتە تاشلار كۆپ چىقىدىغان جايلار بولۇپ، بۇ جايلاردىن چىقىدىغان غەلىتە تاشلارنىڭ رەڭگى، شەكلى، كۆرۈنۈشى ئاجايىپ - غارايىپ بولۇش بىلەن بىرگە يەنە تاشلاردىكى ھەرخىل مەنزىرە ۋە ئۇچار قۇشلار، ھايۋاناتلار ۋە باشقا شەكىلدىكى كۆرۈنۈشلەرمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگىدۇر. بۇ يەردىن چىقىدىغان غەلىتە تاشلار غەلىتە تاشلارنى يىغىپ ساقلىغۇچىلار تەرىپىدىن يىغىپ ساقلىنىدۇ ۋە مۇشۇنداق تاشلارنى يىغىپ ساقلىغۇچىلار تەرىپىدىن خوتەنگە باشقا جايلاردىن ساياھەتكە كەلگەن غەلىتە تاش ھەۋەسكارلىرىغا سېتىپ بېرىلىدۇ. خوتەندە ھەر يىلى كۈز پەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان قاشتېشى مەدەنىيىتى ساياھىتى بايرىمىدا

بۇنداق تاشلار مەخسۇس كۆرگەزمە قىلىنىپ ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ساياھەت بۇيۇمىغا ئايلاندى. بۇنداق تاشلارنى يەنە خوتەندىكى داڭلىق قاشتېشى بازىرىدىمۇ قاشتېشى سودىگەرلىرىنىڭ دۇكانلىرىدىن، يايمىلىرىدىن ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

يۇرۇڭقاش دەرياسى يەنە يېڭى دەۋر، يېڭى ئەسىرنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە مۇناسىپ ھالدا ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كېلىۋاتقان، مول سەيلە - ساياھەت بايلىقى ۋە ئەۋزەللىكى بىلەن ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىۋاتقان دەريادۇر. يۇرۇڭقاش دەريا ۋادىسى سەيلە - ساياھەت ئەۋزەللىكى مول جاي بولۇپ بۇ يەرگە سەيلە - ساياھەتكە كەلگەن ئادەملەر بىر تەرەپتىن قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ سەمەرىلىرىدىن ھۇزۇر ئالالايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ بەلگىلىرىنى روشەن ھېس قىلالايدۇ. يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ساياھەتچىلىك ئەۋزەللىكى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) يۇرۇڭقاش دەريا ۋادىسى ئادەمگە تەبىئەتنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكىنى تولۇق ھېس قىلدۇرىدۇ. دەريا ۋادىسى تولىمۇ گۈزەل بولۇپ بەئەينى ماھىر رەسسام ئۇستىلىق بىلەن سىزىپ چىققان ماي بوياق رەسىمگە ئوخشايدۇ. شۇڭا بۇ يەردىن ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. بولۇپمۇ ياز كۈنلىرى بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ كېتىدۇ. خوتەن شەھىرى بىلەن يۇرۇڭقاش بازىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان، 1965 - يىلى سېلىنغان يۇرۇڭقاش چوڭ كۆۋرۈكى ئۈستىگە چىقىپ يىراققا نەزەر تاشلىغاندا يىراقتىن ئۈستى قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغان ھەيۋەتلىك تاغلار كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى، يېشىللىققا پۈركەنگەن دەريا ۋادىسى، كۆپكۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلار، ھەيۋەتلىك كۆۋرۈك، كۆۋرۈكتە مۈكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئاپتوموبىللار، مىغ - مىغ ئادەملەر توپى... بۇ كۆرۈنۈشلەر ئورگانىك گەۋدىگە ئايلىنىپ ئادەمنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بۇ جايغا كەلگەن كىشىلەر بۇنداق ھەيۋەتلىك مەنزىرىدىن ھۇزۇرلانغاچ ساپ - سالقىن ھاۋادىن ئەركىن نەپەس ئالىدۇ. (2) دەريادا كىشىلەر سۇغا چۆمۈلۈش ئارقىلىق تەبىئەتنىڭ ئۆزىگە بەخش ئەتكەن نېمىتىدىن بەھر ئالالايدۇ. سۇغا چۆمۈلۈش — يۇرۇڭقاش دەرياسىدا بولىدىغان سەيلە - ساياھەت پائالىيىتى ئىچىدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ، كىشىلەر ياز كۈنلىرى سۇغا چۆمۈلۈش ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. بۇ ھەقتە كىشىلەردە: «يىلدا بىر قېتىم دەريا سۈيىگە چۆمۈلسە كىبىر - گۇناھى ئېقىن سۇدا ئېقىپ كېتىپ گۇناھدىن خالىي بولغىلى بولىدۇ، بەدەنگە چىققان جاراھەتلەرگە داۋا تاپقىلى بولىدۇ، كۆڭلىنى خۇش تۇتقىلى، راھەتلەنگىلى بولىدۇ»، دەيدىغان قاراش بار. (3) دەريا ۋادىسىغا ساياھەتكە كەلگەندە دەريا ۋادىسىدىكى داڭلىق قول ھۈنەر - سەنئەت بايلىقلىرىنى كۆرۈپ ئەجدادلارنىڭ ئىختىرا قىلىش روھىدىن ئىلھام ئالغىلى بولىدۇ. بۇ دەريا ۋادىسىغا دۇنياغا داڭلىق خوتەن گىلىمى توقۇيدىغان گىلەمچى ئۇستىلار، گىلەم كارخانىلىرى، خوتەن يىپەك، ئەتلەس - شايىلىرىنى توقۇيدىغان قول - ھۈنەر كەسپىي كارخانىلىرى جايلاشقان بولۇپ، ساياھەتچىلەر گىلەم، ئەتلەس، يىپەكلەرنىڭ قولدا توقۇلۇشىنى بىۋاستە كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ئۆزلىرىنى يىراق قەدىمكى زامان مۇھىتىدا تۇرغاندەك ھېسسىياتتا سېزىدۇ. بۇ جايدىن يەنە قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنىڭ مەشغۇلات ئەھۋالىنى كۆرەلەيدۇ؛ (4) دەريا بويىدىكى قاشتېشى بازارلىرىدىن دۇنياغا داڭلىق خوتەن قاشتېشىنىڭ ئەينەن قىياپىتىنى بىۋاستە كۆرەلەيدۇ. خوتەنگە كەلگەن كىشىلەر ئۈچۈن ئالغاندا خوتەننىڭ گىلەم، ئەتلەس، قاشتېشى قاتارلىق داڭلىق مەھسۇلاتلىرىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىش ياكى سېتىۋېلىش ئارزۇسى پەقەت يۇرۇڭقاش دەريا بويلىرىدا رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. شۇ چاغدىلا بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئاندىن ئۆزىنى ھەقىقەتەن خوتەنگە كەلگەندەك، خوتەن تۇپرىقىغا قەدەم باسقاندەك ھېسسىياتتا سېزىدۇ. (5) يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىغا ساياھەتكە كەلگەن كىشىلەر خوتەننىڭ داڭلىق، ئەنئەنىۋى يەرلىك تائاملىرىغا قانغۇچە ئېغىز تېگىپ ئۇلارنىڭ لەززىتىدىن ھۇزۇر ئالالايدۇ. يۇرۇڭقاش ۋادىسىدا شۆھرەت قازانغان داڭلىق يۇرۇڭقاش گۆشگىردىسىگە ۋە باچكا - غاز كاۋىپى، توخۇ كاۋىپى، ئوغلاق ۋە قوي گۆشى كاۋىپى، پولۇ، كۆمەچ قاتارلىق داڭلىق تائاملىرىغا ئېغىز تەگكۈزمەي قالمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا خوتەنگە كەلمىگەنلىك، يۇرۇڭقاش دەريا ۋادىسىغا كەلمىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇرۇڭقاش دەرياسى — قاشتېشى دەرياسىدۇر.

چۇنكى، جاھانغا مەشھۇر بولغان خوتەن قاشتېشىنىڭ ئەڭ ئېسىللىرى ۋە كۆپ قىسمى مۇشۇ دەريادىن چىقىدۇ. قەدىمدىن بۇيان خوتەن دېگەن نام يۇرۇڭقاش دەرياسى ۋە قاشتېشى دېگەن نام بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ كەلدى. يەنى خوتەن دېگەن نام تىلغا ئېلىنغان ھامان كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا يۇرۇڭقاش دەرياسى ۋە بۇ دەريادىن چىقىدىغان قاشتېشى نامايان بولدى. كىشىلەر يۇرۇڭقاش دەرياسى دېگەن نامنى ئاڭلىغاندا كۆز ئالدىغا قاشتېشى ۋە خوتەن دېگەن نامنى كەلتۈردى. قاشتېشىنى كۆرگەندە ۋە قاشتېشى دېگەن نامنى، سۆزنى ئاڭلىغاندا بولسا كۆز ئالدىغا يۇرۇڭقاش دەرياسى ۋە خوتەن دېگەن نامنى كەلتۈردى. بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق بولغان بۇ تارىخىي جۇغراپىيىۋى ناملار يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ خوتەن بوستانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىدا، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا نەقەدەر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. پەقەت يۇرۇڭقاش دەرياسى ياكى يۇرۇڭقاش ۋادىسى دېگەن نامنىڭ پۈتكۈل خوتەن دىيارىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى، دائىرىسىنى مەركەزلىك ئىپادە قىلىپ بېرەلەيدىغان ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ خوتەننىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي ئېتنولوگىيىسىدە ھەقىقەتەن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

2009.6

يۇرۇڭقاش دەرياسى ھەقىقەتەن دۇنياغا داڭلىق خوتەن قاشتېشى چىقىدىغان دەريا بولۇپ بۇ يەردىن چىقىدىغان قوي مېيى رەڭگىدىكى ئاق قاشتېشى، سۈزۈك ئاق قاشتېشى سۇس يېشىل قاشتېشى قىممەتلىك جاۋاھىراتلار سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپ كېلىنمەكتە.

يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن قاشتېشىدىن ئىبارەت قىممەتلىك بۇيۇمنىڭ چىقىدىغانلىقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرى، تارىخچىلىرى يازغان ئەسەرلەردە بۇ ھەقتە قىممەتلىك مەلۇماتلار بار. جۇڭگونىڭ مەشھۇر كلاسسىك ئەسىرى «تارىخىي خاتىرىلەر»دە «ئۇدۇننىڭ غەربىدىكى دەريا غەربكە قاراپ ئاقىدۇ. شەرقىدىكى دەريا شەرققە قاراپ ئاقىدۇ، لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. قاشتېشى كۆپ چىقىدۇ» دەپ يېزىلغان. «خەننامە»، «ۋېي نامە»، «لياڭ نامە»، «سەپەر خاتىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەردە يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئورنى ۋە بۇ دەريادىن قاشتېشى چىقىدىغانلىقىغا دائىر خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»دىمۇ بۇ ھەقتە مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى» ناملىق ئەسەردە بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىلگەن. «زەھەبىدۇل ئەخبار» (تاللانغان خاتىرىلەر) دىمۇ بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىلگەن.

«ماركو پولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»دە: «خوتەن-



نىڭ شەرقىدە يۇرۇڭقاش دەرياسى بار، غەربىدە يېشىلقاش دەرياسى، ئۇنىڭمۇ غەربىدە قاراقاش دەرياسى بار، بۇ دەريالار قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن باشلىنىدۇ»، دەپ يېزىلغان. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دا: «ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ غەربىدە يۇرۇڭقاش دەرياسى، غەربىدە يېشىلقاش دەرياسى يەنىمۇ غەربىدە قاراقاش دەرياسى بار، قاراقۇرۇم تېغىدىن باشلىنىدۇ، يەرلىك كىشىلەر ئايدىڭدا پارقىرىغان جاينى كۆرسە سۇغا كىرىپ قاشتېشى سۈزۈپ ئېسىل قاشتېشىغا ئېرىشىدۇ»، دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان. بۇ ھەقتە يەنە ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق مېدىتسىنا ئالىمى لى شىجىن: «مەملىكىتىمىزدە قاشتېشى چىقىدىغان جايلار كۆپ... ئۇدۇن قاشتېشى ئەڭ ئېسىل» دېگەن. «كۇللى مۆجىزات» ناملىق ئەسەردە «قاشتېشىنىڭ ئېسىلى ئۇدۇندىن چىقىدۇ» دېيىلگەن. مەشھۇر قاشتېشى مۇتەخەسسىسى شيالىنباۋ ئەپەندى خوتەن قاشتېشىنى تەرىپلەپ: «خوتەن قاشتېشى جۇڭگو قاشتاشچىلىقىدا ئۆزگىچە مەنبەگە ئىگە بولۇپ، جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرىدا خوتەن قاشتېشىنىڭ ئالاھىدە سۈپىتى ۋەكىللىك ئورۇندا تۇرىدۇ»، دېگەن.

ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم نوپۇزلۇقلىرىنىڭ يۇقىرىقى مەلۇماتلىرى ھەققەتەن يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن قاشتېشى يەنە كېلىپ ئېسىل، سۈپەتلىك قاشتېشى چىقىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان پاكىتلاردۇر. گەرچە يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىلا قاشتېشى چىقىشقا باشلىغان بولسىمۇ ھازىرغىچە ئۇنىڭ مەنبەسى تۈگىمىگەن بولۇپ بۇ دەريادىن قاشتېشى كولاش، ئىزدەش مەشغۇلاتى ھېلىھەم داۋام قىلىپ كەلمەكتە. بۈگۈنكى كۈندىمۇ دەريا قىنىدا يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ھەرخىل ئۇسۇلدا قاشتېشى كولاۋاتقانلىقىنى، ئىزدەۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. خوتەندە نۇرغۇن كىشى مۇشۇ سودا بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كەلمەكتە.

يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن چىقىدىغان قاشتېشى خوتەن قاشتېشى دەپ ئاتىلىدۇ. گەرچە خوتەننىڭ قىسمەن تاغلىرىدىن ۋە ئىلگىرى سۇ ئېقىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئېقىن ئۈزۈلۈپ قېلىش سەۋەبلىك يارداڭلىققا ئايلىنىپ قالغان چۆللەردىن قاشتېشى چىقسىمۇ بۇ تاشلار ئىچىدە ئەڭ ئېسىلى يەنىلا يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن چىقىدىغان قاشتېشىدۇر. يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن چىقىدىغان قاشتېشى سۇ ئاققان دەريا قىنىدىن چىقىدىغان بولغاچقا ئادەتتە سۇ تېشى دەپ ئاتىلىدۇ (كان رايونلىرىدىن چىقىدىغان قاشتېشى كان تېشى دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرۇپ كەتكەن دەريا ئىزلىرىدىن چىقىدىغان قاشتېشى چۆل تېشى، دەپ ئاتىلىدۇ).

يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن چىقىدىغان قاشتېشىنىڭ كېلىش مەنبەسى قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى قاشتېشى جايلاشقان جايلار بولۇپ، يامغۇر ياكى سەل سۈيىنىڭ كۈچى بىلەن تاغ جىنسلىرى گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەندە ئۇلارغا ئارىلىشىپ چۈشكەن قاشتاشلىرى سۇنىڭ كۈچى بىلەن ئېقىپ تۆۋەن ئېقىنلارغىچە يېتىپ بارىدۇ. نەتىجىدە دەريا قىنىدا قاشتېشى پەيدا بولىدۇ. يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن چىقىدىغان قاشتاشلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى ئاق قاشتېشى، زۇمرەت قاشتېشى، چىپار قاشتېشى، قارا قاشتېشى، كۆك قاشتېشى، سېرىق قاشتېشى ۋە كاۋاش قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە قوي يېغىدەك ئاق، كاشتاندەك سېرىق، خوراز تاجىسىدەك قىزىل، سىياھتەك قارىلىرى ئەڭ ئېسىلى ھېسابلىنىدۇ. قاشتېشىنىڭ رەڭگى ھەر خىل بولغىنىدەك ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. چوڭ قاشتېشى ئاساسەن دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن چىقىدۇ. بۇ يەرلەردىن چىقىدىغان قاشتېشى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئېغىرلىقى 100 كىلوگرامدىن ئارتۇق كېلىدىغانلىرىمۇ بار. دەريانىڭ ئوتتۇرا ئېقىنلىرىدىن بۇنداق قاشتېشى ئاساسەن چىقمايدۇ. ئوتتۇرا ھال چوڭلۇقتىكى قاشتېشى چىقىدۇ. بۇ جايلاردىن ۋە دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىن كىچىك تىپتىكى قاشتېشى ۋە زىرە تاشلار چىقىدۇ. بۇ تاشلار قاشتېشى ئويمىچىلىقى ۋە تۈرلۈك زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ياخشى ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قاشتېشى ــ ئۇيغۇر تېبابىتىدە ساغلاملىققا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ياخشى دورىسى دەپ قاراپ كېلىنگەن، تېبابەتتە ئىشلىتىلگەن. يەنى تېبابەتتە قاشتېشىنى زىننەت بۇيۇمى قىلىپ بويىنغا ئېسىۋالسا، ئۈزۈك، ھالقا، بىلەزۈك قىلىپ قۇلاق، قول، بىلەكلىرىگە تاقىۋالسا ئادەم يۈرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولمايدۇ، ھارغىنلىق ھېس قىلمايدۇ دەپ قارىلىدۇ. قاشتېشىنى ئادەم ئىستېمال قىلىدىغان دورىلارغا مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، قاشتېشىنى سوغۇق سۇغا سېلىپ قويۇپ مەلۇم ۋاقىت

سۇدا تۇرغۇزۇپ ئېچىپ بەرسە تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، خېيىمخەتەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ، بۆرەكتىكى قىزىقلىقنى ۋە دەرد ـ ھەسرەتنى ئازايتقىلى بولىدۇ، دەپ قارالغان. قاشتېشىنى يېنىدا ئېلىپ يۈرسە كەيپىياتنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ، چۈش بۇزۇلۇش، چۈشىدىن قورقۇش، چۆچۈش، تەشۋىشلىنىش قاتارلىق ئىشلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ، ئۇيقۇنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارالغان؛ قاشتېشىنىڭ سۈزۈك، ئاق رەڭلىكى ئادەمنى چاقماق سوقۇشتىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ساقلايدۇ، دەپ قارالغان؛ ئاق قاشتېشى تالقىنى بىلەن قۇرۇتۇلغان شاپتۇل چېچىكى ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان ئۇيپا تېرىگە سۈرتۈپ بېرىلسە ئادەم بەدىنىنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىدا پەيدا بولىدىغان ئاق كېسەل (بەرەس) ۋە ھەرخىل تېرە كېسەللىرىنى داۋالىغىلى بولىدۇ، دەپ قارالغان؛ كۆزىگە ئاق چۈشكەن، كۆز نۇرىنى يىغالمايدىغان كىشىلەر ئاق قاشتېشىنى كۆز ۋە كۆز ئەتراپىغا سۈرۈپ بەرسە شىپالىق تاپىدۇ؛ قولى تىترەيدىغان، يۈزىنىڭ قان تومۇرلىرى پالەچلەنگەن، ئاستىنقى قاپىقى لىپىلدايدىغان، كۆزى ياكى ئېغىزى مايماق بولۇپ قالغان كېسەللەرنى داۋالاشتا قاشتېشى ئارىلاشتۇرۇلغان دورىلارنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ، دەپ قارالغان؛ خوتەن ھۆكۈمالىرى يەنە قاشتېشى سۇدىكى تاش ئېرىتمىلىرىنى سۈزىدۇ، سۈيدۈك يوللىرىغا، بۆرەككە تاش چۈشۈشنىڭ، ئىچكى ئەزالارغا ئىسسىق ئۆتۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ قان ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرىدۇ، دەپ قاراشقان. بۇلار قاشتېشىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىلىپ سىناقتىن ئۆتتۈش ئارقىلىق يەكۈنلەنگەن ئەمەلىي ھاسىلاتلار بولۇپ قاشتېشىنىڭ كىشىلەر تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەنلىكىنى، كىشىلەر تۇرمۇشى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. يۇقىرىقى قاراشلار خوتەندە كىشىلەر تۇرمۇشىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولغاچقا، نۆۋەتتە خوتەندە بىر قىسىم كىشىلەردە بولۇپمۇ قىز ـ ئاياللاردا قاشتېشىدىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاش، سىلىش، ئەرلەردە قاشتېشىدىن ياسالغان ئۈزۈكنى بارماقلىرىغا سىلىش، كىچىك قاشتېشىنى يېنىدا ساقلاش، كۆز تەگمىسۇن دەپ باللارغا كۆز مونچاق، تۇمار ياساپ تاقاپ قويۇش ئادىتى ھېلىھەم داۋاملاشماقتا.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


① ئابدۇرىشات مۇساجان تۇغرۇل، «خوتەن قاشتېشىنىڭ بۆشۈكى ـــ قاش ئۆگۈز»، «يېڭى قاشتېشى ژۇرنىلى» 2004 ـ يىل 2 ـ سان.

② پولات ئامانئۇرى، «خوتەن قاشتېشى»، «ئاسيا كىندىكى» گېزىتى. 2008 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى سان.

③ ئوبۇلھەسەن داۋۇت، «قاشتېشىنىڭ شىپالىق رولى»، «شىنجاڭ گېزىتى» 2008 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى سانى.

④ «جۇڭگو باللار قامۇسى» مىللەتلەر نەشرىياتى 2007 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى. 32 ـ، 38 ـ بەتلەر.

⑤ «گۆھەر زېمىن خوتەن»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى. 1995 ـ يىل نەشرى 356 ـ بەت.


(ئاپتور: خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىدا)


# ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۇگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز بۇ يىلدىن باشلاپ ئۇنۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز بىلەن ئالاقىلىشقايسىز.

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991

# قاغىنىڭ قاق دېگىنى نېمە دېگىنى؟



(ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى)

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن، كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ ناماز بامداتقا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ھويلىغا چىقسا قاپاقتېرەكنىڭ بېشىدا بىر قاغا «قاق - قاق - قاق» قىلىپ سايراپتۇ.

پادىشاھ ئۆيگە كىرىپ تاڭ سەھەردە قاغىنىڭ مۇنداق قاقىلدىشى نېمىدىن بېشارەت بولىدۇ؟ دەپ ئويلىنىپ نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئوردىغا چىقىپ پۈتۈن شەھەردىكى ئالىملارغا پەرمان چۈشۈرۈپ:

— بۈگۈن مەن ئەتىگەندە تاھارەت ئېلىۋاتسام ھويلىدىكى تېرەك بېشىدا بىر قاغا ‹قاق، قاق، قاق› دەپ قاقىلدىدى، بۇ قاغىنىڭ قاقىلدىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇنىڭغا جاۋاب تېپىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ئۆلىمالار شۇنچە كىتابلارنى كۆرۈپتۇ ۋە ئاختۇرۇپتۇ. ئويلىنىپمۇ كۆرۈپتۇ، لېكىن بۇ سوئالغا ھېچ قايسىسى جايىدا جاۋاب بېرەلمەپتۇ.

پادىشاھ ئۇلارغا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپتۇ ۋە:

— ئەگەر ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاشۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمىساڭلار مېلىڭلار تالاڭغا، بېشىڭلار ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدۇ، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۆلىمالار ئۆيگە قايتىشىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى توشاي دەپ قاپتۇ. بىر موللام شۇ كۈنى ئۆيدە بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالماي ئاخىر ئۆلۈمگە كېتىدىغان ئوخشايمەن دەپ قايغۇرۇپ يىغلاپ ئولتۇرسا بىر بالىسى بار ئىكەن، ئۇ بالا تالادىن كىرىپ قېلىپ دادىسىنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ دادىسىغا:

— ئى دادا، نېمە بولدى، نېمە ئۈچۈن يىغلايلا؟ — دەپتۇ. موللام بالىسىغا:

— ھەي بالام، نېمىگە يىغلاي، ئۈچ كۈن ئىلگىرى پادىشاھ بىزگە قاغىنىڭ قاق دېگىنى نېمە دېگەن بولىدۇ؟ بۇنى تېپىڭلار دېدى. ھەممىمىز بۇنى تاپالمىدۇق. بىزگە ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەردى. بۇنى تاپالمىساق بىزنىڭ مېلىمىزنى تالاڭغا، بېشىمىزنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدىغان بولدى. مانا بۈگۈن ئۈچ كۈن توشاي دەپ قالدى، بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمايۋاتىمەن. ئەتە ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ دەپ يىغلاۋاتىمەن، — دەپتۇ. بالىسى دادىسىغا قاراپ:

— ئى دادا، يىغلىمىسىلا، مەن بېرىپ بالىلاردىن سوراپ باقاي، بالىلار جاۋاب بەرسە ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ-دە، مەكتەپكە ھەممىدىن بۇرۇن بېرىپ سىنىپقا كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. بالىلار ئارقا - ئارقىدىن سىنىپقا كىرىشىپتۇ. شۇ سىنىپتا پادىشاھنىڭ بىر قىزىمۇ ئوقۇيدىكەن، بالا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي بالىلار، سىلەرگە قىزىق بىر گېپىم بار دەيمۇ؟ — دەپتۇ. ھەممەيلەن بىردەك:

— دە، قېنى ئاڭلايلى، — دەپتۇ. بالا:

— قاغىنىڭ قاق دېگىنى نېمە دېگىنى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

باللار ھەيران قېلىشىپتۇ ۋە نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرغاندا پادىشاھنىڭ قىزى:
— قاغىنىڭ قاق دېگىنى «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، ئەرنى يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگىنى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
بالا بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ئۆيگە قايتىپ بېرىپ دادىسىغا پادىشاھنىڭ قىزى بەرگەن جاۋابنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.
موللام: «ھە، بۇ ھەق گەپ بولدى، مەن ئەتە بېرىپ پادىشاھقا دەي» دەپ خۇشال بولۇپ بەخىرامان ئۇخلاپتۇ.
ئەتىسى ھەممەيلەن پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا يىغىلىپتۇ. پادىشاھ:
— قېنى سوئالغا جاۋاب تاپتىڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
ھەممەيلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىشىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.
پادىشاھ غەزەپ بىلەن يەنە سوراپتۇ، ھېچقايسىسىدىن بىر ئېغىز گەپ چىقماي يىغىلىشىپ بىر - بىرىدىن رازىلىق سورىشىپتۇ. پادىشاھ يەنە بەش دەقىقە مۆھلەت بېرىپتۇ. ئەگەر بەش دەقىقىدىن كېيىن جاۋاب چىقمىسا ئۆلۈمگە بۇيرۇشنى ئېيتىپتۇ.
بەش دەقىقە توشۇپتۇ. پادىشاھ دەر غەزەپ بىلەن:
— ھە! قايسىڭلار جاۋاب بېرىسىلەر، — دەپ سوراپتۇ.
شۇ چاغدا ھېلىقى موللام ئورنىدىن تۇرۇپ:
— مەن جاۋاب بېرەي، — دەپتۇ. پادىشاھ:
— قېنى سۆزلە، — دەپتۇ.
موللام:
— پادىشاھى ئالەم، قاغىنىڭ قاق دېگىنى «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، ئەرنى يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگىنى، — دەپتۇ.
پادىشاھ ھەم ۋەزىرلەرمۇ بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ بىردەم باش چۆكۈرۈپ ئويلىنىپ تۇرۇشقا توپ ئارىسىدىن بىرسى ئورنىدىن قوپۇپ:
— بۇ جاۋابنى قايسى كىتابنىڭ قايسى بېتىدىن تېپىپتۇ؟ بۇنىڭغا جاۋاب بەرسۇن، — دەپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ:
— ھەي موللا، بۇ جاۋابنى سەن قايسى كىتابنىڭ قايسى بېتىدىن تاپتىڭ؟ — دەپتۇ.
موللام پادىشاھقا ھودۇققان ھالدا:
— كىتابنى ئاختۇرسام مۇنداق جاۋاب چىقمىدى. لېكىن بۇنى ماڭا بالام دەپ بەردى، — دەپتۇ. پادىشاھ دەرھال موللامنىڭ بالىسىنى چاقىرتىپ:
— بۇ جاۋابنى سەن نەدىن تاپتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.
بالا:
— بۇ جاۋابنى سىلىنىڭ قىزلىرى ئېيتىپ بەردى، — دەپتۇ.
پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ قىزنى چاقىرتىپ:
— سەندەك ئۇزۇن ئېغىز، شۇم زۇۋان بالا، مېنىڭ بالام بولماي كەت. دەرھال بۇنى ئۆلتۈرۈڭلار، — دەپتۇ ۋە قىزنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ.
پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن:
— ھۆرمەتلىك پادىشاھى ئالەم، سىلى ئۆيدىن چىقىپ قاغىنىڭ قاق دېگىنى نېمە دېگىنى بولىدۇ دەپ سوئال قويدىلا، بۇ سوئالغا ھېچ كىشى جاۋاب بېرەلمىدى. ئۆلارنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدىلا. موللام قوپۇپ جاۋاب بەرسە ئولتۇرغانلا قايسى كىتابتىن تاپتى دەپ سالدى. ئەمدى بۇ سوئالغا جاۋاب بەرگەن سىلىنىڭ قىزلىرى ئىكەن، ئادەم غەزەپكە كەلگەندىن كېيىن ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەك قىيىن، غەزەپلىرىنى بېسىۋېلىپ مېنىڭ بىر ئېغىز سۆزۈمگە قۇلاق سالغايلا، سىلى قاغىنىڭ قاق دېگىنى نېمە دېگىنى بولىدۇ، دەپ بىر مۇنچە كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغىلى تاسلا قالدىلا، مۇنداق جاۋاب ھېچقانداق تەبىرنامىگە يېزىلغىنى يوق. لېكىن بۇ جاۋابنى قىزلىرى ئېيتىپ بېرىپتۇ. قىزلىرىنىڭ دېگەن جاۋابى توغرىمۇ توغرا ئەمەسمۇ؟ بۇنى ھەممىمىز بىلمەيمىز. ئەمدى بىز جاۋابنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىنى خەلقتىن سورايلى، — دەپتۇ. ھەممەيلەن بىردەك قوشۇلۇپتۇ. پادىشاھمۇ ئاخىر بۇ شەرتكە قوشۇلۇپ ھۆكۈمدىن يېنىپتۇ.

پادىشاھ دەپتۇكى:

— ئۇنداقتا، بۇنى قانداق قىلىمىز؟

ۋەزىر ئېيتىپتۇكى:

— ئى پادىشاھ، قىزىڭىزنى ئۆلتۈرمەي قول ئاستىمىزدىكى يۇقرالارنى ئاختۇرۇپ كۆرۈپ ئەڭ ئاجىز، كۈننى كۈن ئېتەلمەيدىغان بىر بالىنى تېپىپ نىكاھ قىلىپ بېرەيلى، ئەرنى ئەر قىلامدۇ ياكى ئەرنى يەر قىلامدۇ، ئاندىن كۆرەيلى، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ شەھەرگە ئادەم چىقىرىپ شەھەر - يېزا بويىچە ئەڭ ئاجىز يىگىتتىن بىرنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغىلى چىققانلار شەھەر - يېزىنى ئايلىنىپ بىر يېزىدىن 19 ياشلارغا كىرگەن، بىر قېرى ئانىسى بار، يوتقاندىن پەقەت قوپمايدىغان، چاي، ئاش، نان دەپ توۋلاپ ياتىدىغان، ئاش، ناننى ئانىسى ئاغزىغا سېلىپ قويىدىغان ھورۇندىن بىرنى تېپىپتۇ.

قىزنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىپتۇ. ئەمدى ئۇ ئۆيدە ئانا - بالا، خوتۇن ئۈچ كىشى بوپتۇ. ئۇلاردا پەقەت يىپ ئېگىرىدىغان چاق، بىر قازان، بىر چۆگۈن، بىر ئەسكى پالاس، بىر ئەسكى يوتقاندىن باشقا ھېچقانداق نەرسە يوق ئىكەن.

بۇرۇن ھورۇننىڭ ئانىسى چاق ئېگىرىپ يىپ سېتىپ، ساتقان يىپنىڭ پۇلىنىڭ يېرىمىغا پاختا ئېلىپ، يېرىمىغا نان ئېلىپ بالىسىنى باقىدىكەن. يەنە تەييار ئاشنى ئېتىپ ئانىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا سېلىپ يېگۈزىدىكەن. بالا ئورنىغا چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىپ، يوتقاندىن قوپماي ياتىدىكەن، ئەنە شۇنداق بىر ئۆيگە بۇ قىز كېلىن بولۇپ كىرىپتۇ.

قىز ئۆز قولى بىلەن ئۆيگە كىرگەندىن باشلاپ قېينانىسىنىڭ قولىدىن چاقنى ئېلىپ چاق ئېگىرىپتۇ. قېينانىسى تاماق قىپتۇ.

قىزچاق ئېگىرىپ ساتقان يىپنىڭ پۇلىغا يەنە پاختا ئېلىپ قالغان پۇلغا ئۆزى بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ جاننى باقىدىغان بوپتۇ. قىز بىر كۈنى ئەرنى قانداق قىلىپ يوتقاندىن چىقىرىپ ھەرىكەتكە سېلىش مەسىلىسىنى ئويلاپتۇ - دە، بىر تاۋاقتا ناننى چىلاپ ئېرى ياتقان ياستۇقنىڭ بېشىغا قويۇپ ئۆزى چاق ئېگىرىشكە كىرىشىپتۇ.

ئەرنىڭ قورسىقى ئېچىپ، يوتقاندا يېتىپ تۇرۇپ:

— نان، چاي، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

قىز گەپ قىلماي چاق ئېگىرىپتۇ. ئېرى يەنە توۋلاپتۇ. قىز:

— ناننى چايغا چىلاپ قوشۇق سېلىپ ياستۇقنىڭ بېشىغا ئاپىرىپ قويدۇم، بويىنىڭىزنى سەل ئۇزاتسىڭىز يېتىدۇ، — دەپتۇ. ئېرىنىڭ ئاخىر قورسىقى ئېچىپ، قورساقنىڭ ئاچلىقىغا چىدىماي يوتقاندىن سەل سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ بويىنىنى ئۇزىتىپ چاينى ئىچىپ يېتىپتۇ.

ئەتىسى يەنە قىز تاماق ئېتىپ قاچىغا ئېلىپ ئۆتكەنكى قويغان يەردىن سەل يىراقراق قويۇپ يەنە ئۆزى چاق ئېگىرىشكە كىرىشىپتۇ. ئېرىنىڭ قورسىقى ئېچىپ يەنە توۋلاپتۇ، قىز:

— تۈنۈگۈنكىدەك سەل مەدەت قىلسىلا تاماقنى يەيلا، مەن چاق ئېگىرىۋاتىمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئېرى يەنە قورسىقىنىڭ ئاچلىقىغا چىدىماي يوتقاندىن چىقىپ تاماقنى يەيدىغان ھالەتكە كەپتۇ.

قىز بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن تاماق ئېتىپ تاماقنى تاختا بېشىغا ئېلىپ قويۇپ ئۆزى چاق ئېگىرىپتۇ. ئېرى ئاخىر تاختا بېشىدىن تاماق ئېلىپ يەيدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ قىز ئېرىنى يوتقاندىن چىقىرىپ ئۆزى تاماقنى يەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپتۇ.

قىز ئويلىنىپ ئەمدى ئېرىمنى تاماق يېيىشكە كۆندۈردۈم، ئۇنى ئەمدى ئوتۇن يېرىپ ئوت قالاشقا كۆندۈرەي، دەپ ئۇنىڭغىمۇ كۆندۈرۈپتۇ. ئۆي ئىشلىرىغا، سودا - سېتىق ئىشلىرىغا كۆندۈرمىسەم بولماس دېگەن نىيەت بىلەن قىز ئېرىگە شۇنداق دەپتۇ:

— سىز مەن ئېگىرگەن يىپنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىڭ، خېرىدار نەرخىنى سورىسا ئون تەڭگە دەڭ، ئۇنىڭدىن ئوشۇق ساتماڭ، كەممۇ ساتماڭ، بەش تەڭگىگە پاختا ئېلىڭ، قالغان بەش تەڭگىگە نان ئېلىڭ بولىدۇ، — دەپ ئېرىنى بازارغا يولغا سېلىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئېرى بازارغا كىرىپ - سودا - سېتىق قىلىپ چىقىشقا باشلاپتۇ.

بىر بازار كۈنلۈكى ئىكەن، ھورۇن يىگىت خوتۇنى ئېگىرگەن يىپنى داستىخانغا چىگىپ سېتىپ چىقىش ئۈچۈن بازارغا قاراپ مېڭىپتۇ.

يولنىڭ يېرىمىغا بارغاندا سودىگەرنىڭ تۆگىلىرىنىڭ لايغا پېتىپ قالغان يېرىگە يېتىپ كەپتۇ.

سودىگەر بىر نەچچە ئادەملىرى بىلەن لايغا پېتىپ قالغان تۆگىلەرنى چىقىرىۋاتقان ئىكەن، بىر نەچچە تۆگىسىنى چىقىرىپ لايدىن چىقالمىغان بىر - ئىككى تۆگىسى قالغاندا ئۇلار چارچاپ ھېچقانداق ئامال قىلالماي يولدىن بىرەر ئادەم ئۆتسە پۇل بەرسەم ياردەملىشىپ تۆگىنى لايدىن چىقىرىشىپ بەرسە، بازارغا كېيىن قالمساق دېگەن نىيەت بىلەن ئەتراپقا قارىسا يولدا بىر بالىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي يىگىت، ماۋۇ تۆگىلەرنى لايدىن چىقىرىشىپ بەرگىن، ئىش ھەققىڭنى ئوبدان بېرىمەن، — دەپتۇ.

ھۇرۇن سودىگەرگە قاراپمۇ قويماي:

— مېنىڭ ئىشىم ئالدىراش، بازارغا بارماقچىمەن، ۋاقتىم يوق، — دەپتۇ. سودىگەر يالۋۇرۇپتۇ، ھۇرۇن ئۇنىماپتۇ. ئاخىر سودىگەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ بىر تۆگىنىڭ چىرمىدىكى كالتەكنى سۇغۇرۇپ ھۇرۇننى بىر - ئىككىنى ئۇرۇپ:

— ساڭا ياخشى گەپ قىلساق ئۇنىمايسەن، ئەمدى تۆگىنى چىقىرىشىپ بېرەمسەن - يوق؟ — دەپ ھەيۋە قىپتۇ.

ھۇرۇنغا تاياق ئۆتكەندىن كېيىن راسا ئاچچىقى كېلىپ قولىدىكى يىپنى يەرگە قويۇپ:

— قېنى نېرى تۇرۇڭە، تۆگىنى ئۆزۈم بىر چىقىراي، — دەپ تۆگىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ لايدىن چىقىرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن سودىگەرنىڭ ئاچچىقى بېسىلىپ ئۇنىڭ قاۋۇل يىگىت ئىكەنلىكىگە قول قويۇپ ئىش ھەققى ئۈچۈن بىر تىللا بېرىپتۇ.

ھۇرۇن بىر تىللانى ئېلىپ بېلىگە تۈگۈپ، يىپنى ئېلىپ بازارغا قاراپ راۋان بوپتۇ.

سودىگەر ئويلىنىپ تۇرۇپ: «بۇ بالا كەمبەغەل ئوخشايدۇ. لېكىن بەكمۇ كۈچلۈك ئىكەن، بۇنى مەن تۆگە يېتىلەيدىغان ئادەم قىلىۋالسام بولغۇدەك» دەپ ھۇرۇننىڭ ئارقىسىغا ئۆز ئادىمىدىن ئىككىنى سېلىپ قويۇپ ئۇ يىگىت قايەرگە بارىدۇ، ئۆيى نەدە كۆرۈپ كېلىڭلار، دەپ بۇيرۇپتۇ. ھۇرۇن بۇرۇنقىدەك بازارغا كىرىپ خوتۇنى دېگەن نەرخ بويىچە پاختا، نان، تۇز، چامغۇر ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ھېلىقى سودىگەرنىڭ ئىككى ئادىمى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نەگە بارسا شۇ يەرگە بېرىپ مېڭىۋېرىپ ئاخىر ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆرۈۋېلىپ كارۋانلار چۈشكەن سارايغا كىرىپتۇ ۋە سودىگەرنى ئېلىپ ھۇرۇننىڭ ئۆيىگە ئۇنى چاكار قىلىۋېلىشقا مېڭىپتۇ.

ھۇرۇن ئۆيىگە كىرىپ سودىلىقلىرىنى بىر - بىرلەپ خوتۇنىغا تاپشۇرۇپ بولۇپ:

— مەنمۇ پۇل تاپتىم، — دەپ يېنىدىكى بىر تىللانى ئېلىپ خوتۇنىغا كۆرسىتىپتۇ. خوتۇنى ھەيران قېلىپ:

— يالغان سۆزلىمەڭ، — دەپ تىللانى قولىغا ئېلىپ قارىسا راست تىللا، بۇنى كۆرگەن خوتۇنى:

— بۇ تىللانى بىر يەردىن ئوغرىلاپ ئالدىڭىزمۇ؟ ياكى بىر يەردىن تېپىپ ئالدىڭىزمۇ؟ قانداق تاپتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ھۇرۇن ئەھۋالنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ، شۇ ھامان تالادىن ئادەم تىۋىشى ئاڭلىنىپتۇ.

ھۇرۇننىڭ خوتۇنى چىقىپ قارىسا سالاپەتلىك ئادەملەر تۇرغۇدەك.

ھۇرۇننىڭ خوتۇنى ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپتۇ.

مېھمانلار ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن سۆز باشلاپتۇ. سودىگەر باشلىقى ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. ھۇرۇننىڭ خوتۇنى ئويلىنىپ كۆرۈپ ماقۇل كېلىپ ھۇرۇننى سودىگەرنىڭ چاكارلىقىغا بېرىپ ھەر ئايلىق ئىش ھەققىنى 1200 تىللاغا گەپلىشىپتۇ. ئۇنىڭ تاشايىدا سودىگەر ھۇرۇنغا ئۈچ تۆگە مال جابدۇپ بېرىدىغان، ئۇ ماللارنى ئۆزى سېتىپ سودا قىلىۋالىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ھۇرۇن سودىگەرگە مەنسۇپ بوپتۇ، ھۇرۇنغا سودىگەر تەرىپىدىن بېرىلگەن ئون ئايلىق ئىش ھەققى 12000 تىللانى خوتۇنى ئېلىپ قاپتۇ. ئەمدى سۆزنى ھۇرۇندىن ئاڭلايلى: ھۇرۇن باي سودىگەرلەر توپىغا قېتىلغان كۈندىن تارتىپ ناھايىتى ئوبدان ئىشلەپتۇ. بۇنى كۆرگەن سودىگەر ئۇنىڭغا ئۈچ تۆگە مال جابدۇپ بېرىپتۇ. شەھەرمۇشەھەر يۈرگەن سودىگەرلەردىن سودا - سېتىق قىلىشنى ئۆگىنىپ ئون يىل ئىچىدە ئۈچ تۆگە مېلىنى 300 تۆگە مال قىلىپ كۆپەيتىپتۇ.

ئەمدى ئۆيدە پۇلنى ئېلىپ قالغان ھۇرۇننىڭ خوتۇنىمۇ بىكار تۇرماي 12000 تىللاغا تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكە سېتىۋېلىپ ئۇنى باقتۇرۇپ ئون يىل ئىچىدە نۇرغۇن چارۋىغا ئىگە بوپتۇ ۋە يېڭىدىن ئۆي - ئىمارەت سالدۇرۇپتۇ. ئون يىلدىن كېيىن ھۇرۇن بايمۇ تاپقان مال - مۈلۈكلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ باي بوپتۇ.

بۇ خەۋەر قوشنا يېزىلارغىمۇ ئاڭلىنىپ ھۇرۇن باينىڭ داڭقى چىقىپ قاپتۇ. نەگە بارسا ھۇرۇن باينىڭ تۆگىسى، ھۇرۇن باينىڭ كالىسى، ھۇرۇن باينىڭ قويى، ھۇرۇن باينىڭ ئۆچكىسى ئۇچرىشىدىغان ھالەتكە كەپتۇ. نەگە بارسا پالانى يېزىدا ھۇرۇن باي دەپ بىر يېڭى باي چىقىپتۇ. مال - دۇنياسى ھېسابسىز ئىكەن، ئۇنىڭ ئەقىللىق بىر خوتۇنى

بار ئىكەن، دېيىشىدىكەن.

ئارىدىن ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ۋەزىرى ئېيتىپتۇكى:

— ئى پادىشاھى ئالەم، سىلىنىڭ قاغىنىڭ قاق دېگىنى نېمە دېگىنى بولىدۇ؟ دېگەن سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگىنى ئۈچۈن قىزلىرىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلماي بىر تۈل خوتۇننىڭ ھورۇن ئوغلىغا ياتلىق قىلغان ئىدۇق، ئۇنىڭغا ئۈچ يىلدىن كۆپرەك بوپتۇ. ئۇنىڭ ھال ئەھۋالى قانداق، راست ئەرنى ئەر قىلدىمۇ ياكى ئەرنى يەر قىلدىمۇ؟ بۇ بىزگە نامەلۇم، مانا ئەمدى بىز بېرىپ بىر ھال - ئەھۋال ئۇقۇپ كەلسەك، — دەپتۇ.

پادىشاھ:

— راست، بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ قىزىمنى كۆرۈشۈم لازىم، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىدىن چىقىپ پۈتۈن سوۋغا - سالام تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپتۇ.

پادىشاھ نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ ئوردا ئادەملىرى بىلەن يولغا چىقىپ خېلى ئۇزاق يول يۈرگەندىن كېيىن بىر توپ تۆگە پادىسىغا ئۇچراپتۇ، تۆگە باققۇچىدىن:

— بۇ كىمنىڭ تۆگىلىرى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. تۆگە باققۇچى:

— بۇ تۆگىلەر ھورۇن باينىڭ، — دەپتۇ، يەنە بىر مەھەل يول يۈرگەندىن كېيىن بىرمۇنچە كالا پادىسىغا ئۇچراپتۇ. پادىشاھ كالا باققۇچىدىن:

— بۇ كىمنىڭ كالىلىرى، — دەپ سوراپتۇ. كالا باققۇچى:

— بۇ كالىلار ھورۇن باينىڭ، — دەپتۇ ۋە يەنە قوي، ئۆچكە پادىلىرىغا ئۇچراپتۇ. ئۇلاردىن سورىسا ئۇلارمۇ «ھورۇن باينىڭ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بىر يەرگە بارسا ئۇ يەردە بىر كاتتا ھويلا - ئىمارەت تۇرۇپتۇ. پادىشاھ كۆڭلىدە ئۈچ يىلدىن بۇرۇن بۇ يەردە بىر پۈچۈق ئۆي بار ئىدى. مۇنداق ئىمارەت يوق ئىدى. ئەمدى مەندىن بۆلەك بىرسى پادىشاھ بولدىمۇ نېمە؟ دەپ ھەيران قېلىپ بىر ئادەمدىن سوراپتۇ:

— ئاۋۇ ئىمارەت كىمنىڭ؟

— ئۇ ئۆيلەر ھورۇن باينىڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ھەي، تۆگىلەرنى كىمنىڭ دېسەم ھورۇن باينىڭ دەيدۇ. كالىلارنى، قويلارنى، ئۆچكىلەرنىمۇ ھورۇن باينىڭ دەيدۇ، بۇ پادىشاھلىق ئىمارەتنىمۇ ھورۇن باينىڭ دەيسەن ھورۇن باي دېگەن قايسى باي ئۇ؟ ئۇنىڭ زادى قانچىلىك مال-دۇنياسى بار؟ ئۇ باي قايەردىن پەيدا بولدى؟، — دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى كىشى:

— بۇرۇن مۇشۇ يەردە ھورۇن ئىسىملىك ئۆزىمۇ ھورۇن بىر تۈل خوتۇننىڭ بالىسى بار ئىدى. ئۇ بىر پادىشاھنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن خوتۇنىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن ئۈچ يىلدىن ئاشتى، مۇشۇنچىلىك باي بولۇپ كەتتى، — دەپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ.

پادىشاھ يا ھەزرەت، بۇ ھېلىقى مېنىڭ كۈيئوغلۇم شۇ ئوخشامدۇ، مەن ئۈچ يىل ئىلگىرى قىزىمنىڭ جاۋابى ئۈچۈن قىزىمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغىلى تاس قاپتىمەن، دېگەن ئويى بىلەن قىزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا ھويلىدىن ھورۇن باينىڭ چاكارلىرى چىقىپ پادىشاھنىڭ ئاتلىرىنى قولدىن ئېلىپ ئاتخانىغا ئەپچىقىپتۇ. ئېلىپ كەلگەن سوۋغا - سالاملىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۇلارنى ھورۇن باينىڭ مېھمانخانىسىغا باشلاپتۇ.

پادىشاھ ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆينىڭ تۆت تېمىغا ۋە ئۆي ئىچلىرىگە قارىسا ئۆزىنىڭكىدەك بولۇپ قاپتۇ. ئاڭغىچە قولىغا سۇ بېرىلىپ تائام كەلتۈرۈپتۇ ۋە قىزى، كۈيئوغلى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، ئۇلار بىلەن بىر نەچچە كۈن بىرگە بولۇپ مېھمان بولۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ قىزىدىن قانداق قىلىپ بۇ باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكىنى سوراپتۇ. قىزى بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى دادىسىغا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قىزىنىڭ ئەقىللىق ھەم چېۋەرلىكىگە قايىل بولۇپ ھەقىقەتەن «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، ئەرنى يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەن جاۋابىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىپتۇ.

ئۇلار بىلەن بىر نەچچە كۈن بىرگە بولۇپ پادىشاھ ئۆز ئوردىسىغا قايتىپ كېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى ۋە كۈيئوغلى شاد - خۇراملىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئۆتۈپتۇ، شۇنىڭدىن بۇيان مانا بۇ تەمسىل خەلق ئارىسىدىن ئورۇن ئاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئوپال قۇمباغدىن ئابدۇرېھىم سەيدۇللا

رەتلىگۈچى: مۇھەممەدجان ئابدۇرېھىم

«كونىشەھەر ناھىيىلىك خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىدىن تەييارلاندى



# خەلق ئەدەبىياتى مىراسلىرى چىن بولسۇن

خۇرسەنئاي مەمتىمىن

خەلق ئەدەبىياتى — ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەسىردىن بۇيان ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان ئاغزاكى ئىجادىيىتىدۇر. خەلق ئەدەبىياتى — تارىختا شەكىللەنگەن ئۆزگىچە شەكلى بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھېسسىياتىنى، ئىدىيىسىنى، تەلەپلىرىنى ۋە قىزىقىشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئەدەبىيات.

ئۇنىڭ شەكىللىنىش ئۇسۇلى ۋە تارقىلىش ۋاسىتىلىرى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىدىن پەرقلىنىدىغان «سۆزلەش - ئاڭلاش» شەكلىدىكى سەنئەتتۇر.

ئاۋام خەلق ئىجاد قىلغان ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، قوشاق، ماقال - تەمسىل، مەسەل، لەتىپە - چاقچاق قاتارلىق ژانىرلار خەلق ئەدەبىياتى دائىرىسىگە كىرىدۇ.

1987- يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭدا خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش خىزمىتى باشلىنىپ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى توپلىنىپ نەشر قىلىندى. شۇ جەرياندا 1983 - يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان «مىراس» ژۇرنىلىمۇ خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىپ، نۇرغۇن خەلق مىراسىنى خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىپ كەلمەكتە.

بىراق خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلام قىلىپ نەشر قىلىش ياكى ژۇرنالدا ئېلان قىلىش داۋامىدا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ «ئاغزاكى تىل»لىق خۇسۇسىيىتى مەلۇم دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، «ئاغزاكى تىلدىن يازمىلىشىش»ھادىسىسى كۆرۈلدى.

بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى:

1. تارقىتىش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى. بۇ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب بولۇپ، ئەمەلىيەتتە خەلق ئەدەبىياتى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان ئېغىز ئىجادىيىتىدىن ئىبارەت. لېكىن ھازىر خەلق ئەدەبىياتى كىتاب - ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزىيە دېگەندەك مەلۇم ۋاستە ئارقىلىق تارقىلىدىغان بولدى، بۇ جەرياندا بۇ ئەدەبىيات يازما تىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى.

2. توپلىغۇچىلار ئېيتىپ بەرگۈچىلەرنىڭ بايانىنى خاتىرىلىگەندىن كېيىن، رەتلەش داۋامىدا ئەسەرنى تېخىمۇ«ياخشى»چىقىرىش مەقسىتىدە بەزى ۋەقەلىك، تەپسىلات ياكى پېرسوناژلارغا ئۆز تىلىنى قوشۇپ قويىدىغان ئەھۋاللار سادىر بولدى، بۇ خەلق ئەدەبىياتىنى بىۋاستە يازما ئەدەبىيات خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىلىپ قويىدى.

3. قولدىن قولغا ئۆتۈپ تەھرىرلىنىش. خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى نەشر قىلىنىش داۋامىدا ئېيتىپ بەرگۈچىلەردىن توپلىغۇچىلارغا، ئۇلاردىن رەتلىگۈچىلەرگە ئاندىن تەھرىرلەرنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. تەھرىرلەر بۇ

ئەسەرلەرنى باسقۇچمۇ باسقۇچ كۆرۈش داۋامىدا يۇقىرىقىدەك بەزى ۋەقەلىك ياكى دىئالوگ قوشۇلۇپ قالىدىغان ياكى قىسقىراپ كېتىدىغان ھادىسە كۆرۈلىدۇ. نەتىجىدە خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ئەدەبىي تىلغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خەلق ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ خەلق مىراسى ئۆز ئەينەنلىكىدىن چەتنەيدۇ. ھازىر خەلقئارادا خەلق ئەدەبىياتىغا ئىنتايىن ئەستايىدىل قاراپ، ئۇنى كېيىنكىلەرگە ئەينەن يەتكۈزۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شۇڭا ئەنە شۇنداق بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئەينەن، ئەسلىي قىياپەتتە خەلققە يەتكۈزۈشتە بىز ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىنتايىن چوڭ.

ئەمەلىيەتتە خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بۇ خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەھرىرلەشتىكى «ئىلمىي بولۇش» پرىنسىپىدىكى خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى، تىلى، سۇژېتىنى ئەينەن ساقلاش، ئەسلىسىگە ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپىغىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى. نېمىنى خاتىرىلىگەن ياكى ئۈنگە، سىنغا ئالغان بولسا، شۇنى ئېلان قىلساق، نەشر قىلساق كۇپايە قىلاتتى. بىراق ھازىر بەزى رايونلارنىڭ خەلق ئەدەبىياتى توپلىمىدا ياكى تېخى ئېلان قىلىنمىغان خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە نۇرغۇن بۇزۇلۇش ۋە يېتەرسىزلىك مەۋجۇت بولغاچقا، بۇنىڭدىن كېيىن ئېلان قىلماقچى بولغان خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى چوقۇم ئەستايىدىل تەھرىرلەش زۆرۈر بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

1. خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ژۇرنالغا تاللىغاندا، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئاغزاكى تىل ئالاھىدىلىكى ساقلىنىپ قالغان ئەسەرلەرنى ئەڭ باشتا تاللىشىمىز لازىم. تاللانغان ئەسەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى تەھلىل قىلىپ، چۈشىنىپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيىتىنى ئىگىلەپ، ئەسەرنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشىمىز لازىم.

2. تەھرىرلىگەندە ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى قەتئىي ئۆزگەرتمەسلىكىمىز كېرەك. چۈنكى تېما — ئەسەرنىڭ جېنى. ئەسلىي ئەسەردە نېمە تېما بولسا شۇ بولۇش، ئۇنى بەدىئىيلەشتۈرۈشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

3. ئەسەرنىڭ سۇژېتىنى ئۆزگەرتمەسلىك. چۈنكى خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس سۇژېت قۇرۇلمىسى بولىدۇ، ئەگەر بىز ئۇنىڭ سۇژېتىنى ئۆزگەرتسەك، ئۇ يازما ئەدەبىيات شەكلىنى ئېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

4. ئەسەردىكى پېرسوناژلارنى خالىغانچە ئۆزگەرتمەسلىكىمىز لازىم. ئەسەردىكى قەھرىمانلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرماسلىقىمىز، پېرسوناژلار سانىنى كۆپەيتىپ ياكى قىسقارتماسلىقىمىز كېرەك.

5. ئەسلىي ئەسەرنىڭ تىلى ۋە ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتمەسلىكىمىز كېرەك. چۈنكى خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئاغزاكى تىلى ۋە بايان قىلىش ئۇسلۇبى بولىدۇ. بۇنى ئۆزگەرتسەك پۈتۈن ئەسەرگە تەسىر يەتكۈزگەن بولىمىز.

6. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە كۆرۈلگەن دۇنيا قاراش، ئۆرپ-ئادەت، ئېستېتىك قاراشقا ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ قارىشى ۋە خاھىشى بويىچە بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلارنى خالىغانچە ئۆزگەرتمەسلىكىمىز، بۇ جەھەتتىكى بىلىمىمىزنى تولۇقلاپ، خاتالىق سادىر قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم.

7. تەھرىرلىك داۋامىدىكى ئەڭ مۇھىم تەرەپ، ئىجادىي خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى پەرقلەندۈرۈشكە ماھىر بولۇشىمىز لازىم.

تەھرىر بۆلۈملەرگە ئەۋەتىلگەن بەزى ئەسەرلەرگە ئەستايىدىل قارىساق، بۇ ئەسەرلەرنىڭ قۇراشتۇرۇلغان ياكى ئاپتور تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقى مانا مەن دەپ ئاشكارا بولىدۇ، شۇڭا ھەقىقىي خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئىلغا قىلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك.

تەھرىرلەر ئالدى بىلەن خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تىل ئالاھىدىلىكى، بايان قىلىش ئۇسلۇبى، سۇژېت قۇرۇلمىسى، دىئالوگ ئالاھىدىلىكى، تېما ئالاھىدىلىكى قاتارلىق تەرەپلىرىنى پىششىق ئىگىلەش لازىم. بۇنىڭغا پىششىق بولغاندىلا ساختا ئەسەرلىرىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە تەبىئەت تەسۋىرى كۆپ ۋە ئىنچىكە بولمايدۇ، ئادەملەرنىڭ ھالەت تەسۋىرى بولمايدۇ، ئەگەر ئالدىمىزغا كەلگەن ئەسەرلەردە بۇ تەرەپلەر بايقالسا، چوقۇم ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەر بولىدۇ.

(ئاپتور: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)




روھىي ئانالىز نۇقتىسىدىن «ئالتۇن كەش» چۆچىكى ئۈستىدە ئىزدىنىش

## ياسىن مۇھەممەتنىيازتېكە
## گۆھەرنىسا ئابلىكىم

«ئالتۇن كەش» چۆچىكى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا كۆپىنچە بۇگۈنكى دەۋر فولكلور تەتقىقاتچىسى ئامېرىكىلىق ستىس تومپسوننىڭ «بارلىق چۆچەكلەر ئىچىدە ئەڭ داڭلىقى (كۈل قىز) بولسا كېرەك» ① دېگەن سۆزى تىلغا ئېلىنىدۇ. دەرۋەقە «(كۈل قىز) چۆچىكى پەقەت ياۋروپادىلا 500 پارچىگە يېقىن تارقالغان. ئۇ ھەتتا پۈتكۈل ھىندىستاننىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا قەدەر كېڭەيگەن» ②. «مارىئان لورف كاركس ئىسملىك تەتقىقاتچى 1982 - يىلى بۇ چۆچەكنىڭ مۇتىفىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ پۈتكۈل ياۋروپاغا تارقالغان (كۈل قىز)لارنى ئەتراپلىق يىغقان ۋە (كۈل قىز) نامىدا توپلام ئىشلىگەن. مەزكۇر توپلامغا 345 پارچە ۋارىيانت كىرگۈزۈلگەن. كېيىن كىشىلەر داۋاملىق دۇنياۋى تەكشۈرۈشلەردە بولغان، ئاخىردا ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا، جەنۇبىي، شىمالىي ئامېرىكا قاتارلىق قىتئەلەرگە (كۈل قىز)نىڭ 700 دىن ئارتۇق ۋارىيانتى تارقالغان دېگەن يەكۈنگە كەلگەن» ③. خەلقئارادا (كۈل قىز) نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ چۆچەكنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تارقالغان نامى «ئالتۇن كەش»تۇر.

«ئالتۇن كەش» چۆچىكى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدە خەلقئارا چۆچەكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن بولغان چۆچەكنىڭ بىرسى بولۇشى تەبىئىي. بىزدە تارقالغان «ئالتۇن كەش» چۆچىكى بىلەن ياۋروپا ۋە باشقا جايلاردا تارقالغان «كۈل قىز» تىپىدىكى چۆچەكلەر بىر - بىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. بۇلاردىكى پەرق شۇ رايوندا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى سەۋەبلىك پەرقلىنىپ تۇرىدۇ ④. چۆچەكنىڭ ياۋروپا ۋارىيانتىنىڭ بىر قىسمىدا قىزنىڭ ئۆزۈكى شاھزادىنىڭ ئىستاكانىدا ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ، ئۇيغۇرچە ۋارىيانتىدا قىزنىڭ بىر پاي ئايىغى ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ، شاھزادە مۇشۇ ئۆزۈك ياكى ئاياغقا ئاساسەن قىزنى تېپىۋېلىپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ.

ئوخشىمىغان تەتقىقاتچىلار «كۈل قىز» چۆچىكىنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تەتقىق قىلىپ كەلدى. مەزكۇر ماقالىنىڭ مەقسىتى «كۈل قىز» چۆچىكىنى روھىي ئانالىز نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش بولغاچقا، بىز گەپنى بىۋاستە چۆچەكتىكى ئالاھىدە ئوبراز «ئاياغ»قا يۆتكەپ كەلمەكچى. جۇڭگولۇق بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار دەرۋەقە چۆچەكتىكى ئاياغ ئوبرازىغا قىزىقىشقان. ئۇلار: «چۆچەكتىكى مۇھىم ئامىل (ئاياغ)، ئايال باش قەھرىماننىڭ ۋە (ئاياغقا دەل كەلمەيدىغان) پۈت نۇقتىسىدىن قارىغاندا بۇ ھېكايىنىڭ مەنبەسى شەرق بولۇشى كېرەك. پۈتنىڭ كىچىك بولۇشى تەكىتلىنىشىدە جىنس بىلەن ئېستېتىك قاراشنىڭ بىر گەۋدىلىنىشى مەۋجۇت، بۇ جەھەتتە جۇڭگو تىپىك مىسال دېيىشكە بولىدۇ» ⑤، دەپ قارايدۇ.

دەرۋەقە، قىزنىڭ ئايىغىنى ئىزدەش چۆچەكتىكى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئېپىزوت. چوڭ نۇقتىدىن قارىغاندا ئۇ «قىز ئىزدەش مۇتىفى»نىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە بۇ چولڭ مۇتىف «ئالما
ئىزدەپ قىزنى تېپىش»، «بۇلبۇلگويانى ئىزدەپ قىز
تېپىش»، «ئەڭگۈشتەرنى ئىزدەپ قىزنى تېپىش»، «دد-
ۋنى بويسۇندۇرۇپ قىزغا ئېرىشىش»، «خاتا تونۇلۇپ
قېلىپ مەلىكىگە ئېرىشىش»، «قىرىق ئوغلىغا قىرىق قىز
ئىزدەش»، «جاھاننامەدە ياكى چۈشىدە قىزنى كۆرۈپ
قېلىپ ئۇنى ئىزدەش» قاتارلىق شەكىللەردە ئۇچرايدۇ.
يۇقىرىقى بىر قاتار قىسمى مۇتىفلارنىڭ بىر قىسمىدا قىز
تاسادىپىي ھالدا يىگىتكە مەنسۇپ بولسا، يەنە بىر قىسمى-
لىرىدا شاھزادە مەقسەتلىك ھالدا قىزنى ئىزدەيدۇ. ئەمما
«ئالتۇن كەش» چۆچىكىگە ئوخشاش دەل مەلۇم شەرت
بويىچە قىز ئىزدەيدىغان مۇتىف ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ.
دىققەتكە سازاۋەر تەرىپى شۇكى، «كۈل قىز» چۆچىكى
ئېنىق بولغان مەنبەسىنى ئاللىقاچان يوقاتقان ۋە بىر قاتار
مىللەتلەرگە ئورتاق مۇكەممەل چۆچەك. بىزنىڭ ھازىر كۆ-
رۈۋاتقىنىمىز ئۇنىڭ پىششىقلانغان، تاكامۇللاشقان شەكلى-
دۇر. ئۇ يەنە سېھرىي چۆچەك بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېپتى-
دائىي تەپەككۇر شەكىللىرىنى ھەم ئۆزى بىلەن بىللە ساقلا-
ۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا «ئالتۇن كەش» چۆچىكى-
نى نوقۇل ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇر نۇقتىسىدىن باشقا يەنە،
باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەسىردىكى ئېپىزوت ياكى ئوبرازلارغا
مۇناسىۋەتلىك چۈشەنچىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق
قىلىش مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنداقتا خەلقئارادا
«كۈل قىز» دەپ ئاتىلىپ، بىزدە «ئالتۇن كەش» نامى
بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ چۆچەكتىكى پۇت بىلەن ئاياغ
ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ پىسخىكىسى ۋە ئۆرپ- ئادەتلىرى-
دە قانداق مەنىلەرگە ئىگە؟

**1. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ پۇت ھەققىدىكى چۈ-
شەنچىلىرى**

فروئىد «ياۋروپالىقلار چۈشىدە پۇتنى چۈشىسە،
دەل ئەرلىك جىنسىي ئەزانى چۈشىگەن بولىدۇ» ⑥،
دەپ بايان قىلغان. بىز چۈش ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنى
تازا چوڭقۇرلاشتۇرالمىغان بولساقمۇ، ئەمما ئېلىمىزدىكى
كۆپ رايونلاردا پۇتقا مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ- ئادەتلەرنىڭ
بارلىقىنى بىلدۇق. مەسىلەن، «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى
نۇرغۇن جايلاردا ياتلىق بولمىغان قىزلارنىڭ چوشقىنىڭ
پۇتىنى يېيىشىگە يول قويۇلمايدۇ، بولۇپمۇ پۇتۇن بىر
پۇتنى قولىغا ئېلىۋېلىپ يېيىشىگە يول قويۇلمايدۇ. چۈنكى
ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇنى يېسە ھامىلدار بولۇپ قېلىشى
مۇمكىن» ⑦. «خانى مىللىتىدە بالا تۇغۇلغاندا، چوشقا
پۇتىنى ئۇستەلگە قويۇپ ئۇنىڭغا مۇناجات ئوقۇيدۇ. دۇئا
قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى كىيمىنىڭ ئارىسىغا سېلىۋالىدۇ
ۋە شۇنداق قىلغاندا بالىلىق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ» ⑧.
بۇلاردىن باشقا «ھىندىلاردا ئەر بۇتلارنىڭ پۇتى ھەمىشە
ئەرلىككە سىمۋول قىلىنىدۇ. ھىندى دېھقانلىرى ھوسۇل
ئېلىش ئۈچۈن، ھەر يىلى دېگۈدەك ئايال ئىلاھقا ئاتاپ
نەزىر بېرىدۇ، چۈنكى بۇ ئايال ئىلاھ مۇلايىملىق بىلەن
بۇتنىڭ پۇتىدا ئولتۇرغان ئىمىش» ⑨.

ئەرلەرنىڭ پۇتىغا ئوخشاش ئاياللارنىڭ پۇتىمۇ جىنى-
سىيەتكە سىمۋوللۇق قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى دەلىللەرمۇ
كەم ئەمەس. «جۇڭگودىكى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت-
لىرىنىڭ ئەپسانىلىرىدە، ئاياللارنىڭ پۇتى ھامىلدار بو-
لۇشنىڭ ئاساسى قىلىنغان. خانى مىللىتىدە ‹كەلكۈن كەت-
كەندىن كېيىن ئىككىلا قىز ھايات قاپتۇ. بىر شامال چىققا-
نىكەن، ئۇلارنىڭ پۇتكۈل بەدىنى ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ.
كۆكسىدىن نۇرغۇن بالا تۇغۇپتۇ، پۇتىدىنمۇ نۇرغۇن بالا
تۇغۇپتۇ› دەيدىغان ئەپسانە بار» ⑩. «كونا تەۋرات. يا-
گىبر»دا مۇنداق دەيدۇ: «ئىھ خانىش، سىزنىڭ پۇتلىرى-
ڭىز كەشىڭىز ئىچىدە قانچىلىك دىل مەھلىيا- ھە،
سىزنىڭ پۇتلىرىڭىز گويا قاشتېشى، قايسى ئۇستىكارنىڭ
قولىدىن چىققاندۇ. ئەگەر پەلەكنىڭ قالايمىقانلىقى ۋە تۇر-
مۇشنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىقى تۈپەيلىدىن، قىزلار ئۆزىنىڭ
گۈزەل پۇتلىرىنى قوغدىيالمىسا، نەقەدەر نومۇس- ھە» ⑪
(دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مەزكۇر باياندا
پۇت ئېپىيەت بىلەن باراۋەر ئورۇندا بايان قىلىنغان).

ئالدىنقى مەزمۇندا تىلغا ئالغانغا ئوخشاش، ئاياللار-
نىڭ پۇت يۇيۇشىمۇ ئالاھىدە مەنىگە ئىگە. «كرموت قىز-
لىرى ياتلىق بولۇشنىڭ ئالدىنقى كۈنى، قاش- كۆزلىرىنى
تۈزەشتۈرۈشتىن كۆرە، پۇتىنى يۇيۇش تەرتىپى ئۆتكۈ-
زۈشنى مۇھىم دەپ قارايدۇ. ناسا بولۇندا قىزلارنىڭ
پۇت يۇيۇشى پىنھان ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىش تەرتىپى
بولۇپ باشقىلارنىڭ كۆرۈشىگە يول قويۇلمايدۇ» ⑫.
«تامپسۇندىكى ئەرلەر قىزلارغا توي تەكلىپى قويغاندا
ھەمىشە ئەرلىككە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر دانە ئوقيانى
ئېلىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قىزنىڭ پۇتىغا تەگكۈزى-
دۇ. ئۇ قىزنىڭ پۇتىغا ئوقيا تەگكەن ھامان مەيلى قىز

قانداق مۇئاملىدە بولسۇن، ئۇنىڭ توي كۈنىنى كۈتۈشىنىڭ هاجىتى يوق، يەنى قىز دەرهاللا ئۇنىڭ ئايالىغا ئايلىنىدۇ» ⑬. ئىلىمىزدىكى لاگۇلارنىڭ ئەپسانىلىرىدە ئىنتايىن يىراق بىر دەۋردە، ئەرلەر بالا تۇغاتتى، ئاياللار هېچقانداق ئىش قىلمايتتى. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ پۇتىدا هامىلدار بولۇشاتتى. هامىلە يېتىلگەندىن كېيىن، بالا ئۇنىڭ پۇتىدىن تۇغۇلىدىكەن. بۇ ناهايىتى ئاۋارىچىلىق بولۇپ، يا تىرىقچىلىق قىلغىلى بولمايتتى. ئازراق بىخەستەلىك قىلسىلا بالا چۈشۈپ كېتەتتى. كېيىن تەڭرى قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، تۇغۇمنى ئاياللارغا ھەدىيە قىلغانىكەن، دېيىلىدۇ. بۇ ئەپسانىدە گەرچە ئەرنىڭ پۇتى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەپسانىنىڭ ئاخىرى روشەن هالدا ئاياللارغا مەركەزلەشكەن بولغاچقا، مەزكۇر ئەپسانىدە دېيىلىۋاتقىنى دەل ئاياللارنىڭ پۇتى مەسىلىسىدۇر. خەنزۇ تىلىدا يەنە «تىزىنىڭ ئاستىدا پەرزەنتى يوق» (مەنا تەرجىمىسى) دەيدىغان ئىبارە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، «بالىلىق بولالماسلىق» دېگەن مەنىدە. بۇ جايدا ئىشلىتىلگەن «تىز» دېگەن سۆزدە جىنسىيەت بىلەن «پۇت»نىڭ مەلۇم باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن.

قېرىنداش مىللەتلەردىن قازاقلاردىمۇ بۇ خىل ئادەتنىڭ بارلىقى مەلۇم. يەنى قازاقلاردا ئاياللارنىڭ ئالدىدا «پۇت» سۆزىنى تىلغا ئېلىش چەكلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئۇ بىۋاستە ئاياللىق جىنسىيەت بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، تابۇ ياكى پەرھىز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

بىر قىسىم مۇھەببەت داستانلىرىمىزدا «بالىسى يوق، پەرزەنتسىز، ئىز - ئۇرۇقى يوق»، «يىگىت قىزنىڭ پۇتىغا بېشىنى قويۇپ جان تەسەددۇق قىلدى»، «يىگىت: ‹قىزنىڭ پۇتىغا بېشىمنى قويۇپ بىر مۇگدىۋالسام ئارمانىم يوق› دەپ نالە قىلدى» دېگەندەك جۈملىلەر ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە «يالماۋۇزنىڭ قىزنىڭ تاپىنىدىن قان شورىغانلىقى» ھەققىدىكى ۋەقەلىك بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئاياللارنىڭ قېنىنى شوراش يالماۋۇزنىڭ مۇھىم خاراكتېرى. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى بېرىلگەن چۆچەكلەردىن «چىن تۆمۈر باتۇر»، «رەھىمدىل ئۇكا بىلەن رەھىمسىز ئاكىلار»، «كەنجى باتۇر»، «سېھىرلىك يىگىت بىلەن يەتتە باشلىق يالماۋۇز» قاتارلىقلارنى مىسالغا ئېلىش مۇمكىن. بۇ چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسىدە باش قەھرىمان (يىگىت)نىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، يالماۋۇز قىزنىڭ تاپىنىغا بىگىز سانجىپ قېنىنى شورايدۇ. «بۇ ۋەقەلىك يەنە ‹ئېيىق باتۇر›، ‹خېمىر باتۇر› قاتارلىق چۆچەكلەرنىڭ بىر قىسىم ۋارىيانتلىرىغىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن» ⑭.

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ پۇت ھەققىدىكى بايانلىرىدا زور ئوخشاشلىق بار. ئۇ بولسىمۇ دەل پۇتنىڭ جىنسىيەت بىلەن بولغان ئوخشاشلىقى مەسىلىسىدۇر. پۇتنىڭ قانداقلارچە جىنسىيەتنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت تەپەككۇر جەريانىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىشكە ئامالسىزمىز، ئەمما ئۇنىڭ سىمۋوللۇق مەنە ئېلىپ قېلىشى ئەۋرەتنىڭ يېپىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمىز. يەنى ئەتنىڭ يېپىلىشى سەۋەبلىك ئەتكە يېقىن ئورۇندا تۇرىدىغان كىندىك ۋە يوتا، پۇت قاتارلىقلار جىنسىيەتنىڭ سىمۋولى قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. دېمەكچى بولغىنىمىز ئىپتىدائىي تەپەككۇردىكى ئىنسانلار ئەۋرەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقاندا، كېيىنچە پەيدا بولغان ئەخلاقىي چۈشەنچىلەرنىڭ سەۋەبىدىن ئۇنى بىۋاستە ئاتىماستىن، بەلكى سىلىقلاشتۇرۇش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى «پۇت» ئارقىلىق ئىپادىلىگەن دېگەن قىياسنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە بىز پۇتنىڭ جىنسىيەتكە سىمۋوللۇق قىلىنغانلىقىدەك تەرەپنى ئېيتىپ، پۇتنىڭ ياپقۇسى بولغان ئاياغنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىدىن قاچالمايمىز. چۈنكى ئاياغ ھەققىدىكى بايانلارمۇ پۇتنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزاھلاپ بېرەلەيدۇ، شۇنداقلا ئۇ «ئالتۇن كەش» چۆچىكىدىكى كەشنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى ھەققىي يوسۇندا چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ.

## 2. ئاياغنىڭ بايانى

فروئىد «مىلانشىيادا، ئوغۇلچاق ئەگەر يولدا كېتىۋېتىپ ئاچا - سىڭلىسىنىڭ ئىزىنى بايقاپ قالسا، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇ ئىزنى بويلاپ ماڭمايدۇ. چۈنكى ئۇ شۇ ئىزنى بويلاپ مېڭىپ تۇغقىنىنىڭ هامىلدار بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ» ⑮ دەيدۇ. «پۇت، پاچاق ۋە ئاياغ» ناملىق نوپۇزلۇق ماقالىدە دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاياللارنىڭ ئاياغلىرىنىڭ بىۋاستە نىكاھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

بۇ بايانلارغا ماس ھالدا ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تارقالغان «چۈش تەبىرى» ناملىق كىتابتا مۇنداق بايان-

لار ئۇچرايدۇ.

«يالاڭئاياغ مېڭىپ چۈش كۆرسە، باي ۋە كۈچلۈك بولىدۇ»، «ئاياغ كىيىپ چۈش كۆرسە تويى قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ»، «يېڭى ئاياغ يامان خوتۇنغا گىرىپتار بولۇشنىڭ بېشارىتىدۇر. ئەگەر بۇ چۈشنى تۇل ئايال كۆرگەن بولسا ياتلىق بولۇشنىڭ، ئەگەر جورىسى بار ئايال كۆرگەن بولسا، نىكاھلىق تۇرۇپ باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنىڭ بېشارىتى»، «كالاچ ياكى كېپىش كىيىپ چۈش كۆرسە، مۇناسىپ ئادەم بولسا ياخشى تەبىئەتلىك ئايالغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ بېشارىتى»، «ئەر كىشى ئايال كىشىنىڭ ئايىغىنى يوقىتىۋېتىپ چۈش كۆرسە، ئايالنىڭ كۆڭلى سىرتقا قارايدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى»، «ئادەمنىڭ ھوشۇقىنى چۈشىدە كۆرسە مۇناسىپ ئادەم ئىنتايىن پاكىز ئايال بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ بېشارىتى»، «پۇت بارماقلىرىنى چۈشىدە كۆرسە پەرزەنتى كۈچ قۇۋۋەتكە تولۇپ، مەنپەئەتلىك ئادەم بولىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى»، «پۇتنى چۈشىدە كۆرسە شېرىن تۇرمۇش، كۈچ - قۇۋۋەتلىك بولۇش، نىكاھلىنىشنىڭ بېشارىتى» ⑯....

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئايرىم جايلاردا ئەگەر يىگىتنىڭ تويى قىلغۇسى كېلىپ، ئاتا - ئانىسىغا دېيەلمىسە، بىر تال ئاياغقا سەۋزىنى تىقىپ، ئۆيگە قويۇپ قويىدىغان ئادەت بارلىقى مەلۇم. پوسكام ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇغېنى مۇئەللىمنىڭ ئېيتىشىچە: «يەكەن، پوسكام ناھىيىلىرىدە ئەگەر يىگىتنىڭ تويى قىلغۇسى كەلسە ئاياغنىڭ ئىچىگە پىت سېلىپ قويىدىغان ئادەت بار، بۇ خۇددى پىت چاققاندەك بىئارام بولۇپ كەتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ».

«چۈش تەبىرى»دىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئاياغ كۆپىنچە ئاياللار بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يېرى شۇكى، ئاياغ بەزىدە ياخشى ئايالغا، بەزىدە يامان نىيەتلىك ئايالنىڭ بېشارىتى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. نۆۋەتتە تۇرمۇشىمىزدا ئاياغ بىلەن ئاياللارنىڭ بىۋاسىتە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى بىلەلمىسەكمۇ، ئەمما بىر قىسىم رايونلاردا ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇق ئاياللارنى «كونا كەش» دەيدىغان تىل ئادەتلىرى ساقلانغان. بەزى رايونلاردا قايتا ئۆيلەنمەكچى بولغاندا، كىشىلەر شۇ كىشىنى يېڭى جورىسى بىلەن تويى قىلىشتىن توسماقچى بولسا «خەق كىيىپ بولغان كەشنى كىيىپ نېمە قىلىسەن» دەيدىغان سۆز ئادىتىمۇ بار، شۇنداق بولۇشنىڭ ئەكسىچە «ئالتۇن كەش» چۆچىكىدىكى ئالتۇن كەش تىپىك ھالدا ئەجايىبى مەنىدىكى كەشتۇر.

### 3. «ئالتۇن كەش» چۆچىكىگە قايتىش

مەلۇمكى، ئاياغنى پۇتقا يۈزە ھالدا سىپلىشتۇرۇش بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدۇ. چۈنكى پۇت ئىنساننىڭ تەبىئىي ئەزاسى، ئاياغ ئۇنداق ئەمەس. بەلكى ئۇ ئىنساننىڭ كەشپىياتى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنى بويىچە ئەۋرەتنىڭ يېپىلىشى سەۋەبلىك پۇت، كىندىك قاتارلىق ئەزالاردا جىنسىي مەنىنى يۈكلۈۋېلىشتەك سىمۋول تەرەققىياتى كېلىپ چىققان. ئوخشاشلا ئاياغتىن ئىبارەت مەدەنىي جەمئىيەتنىڭ ئىنكاسى بولغان كەشپىياتتا قوپال، ياۋايى نەق جىنسىيەتنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى نىكاھنىڭ مەنىسى ئەكس ئەتكەن. «ئالتۇن كەش»تە كەشنىڭ ئىگىسىنى ئىزدەشتەك ۋەقەلىك ئىچىگە بارلىق زىددىيەتنى قويۇپ ھەل قىلغان. يەنى كىمنىڭ پۇتىغا ئاياغ دەل كەلسە، شۇ قىز شاھزادىگە ياتلىق بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئاياغنى كۆتۈرۈپ، تاغمۇتاغ ئايلىنىپ قىزنى ئىزدەيدۇ، ئاخىر قىزنى تاپىدۇ. بىز كەشنىڭ چۈشۈپ قېلىشى سەۋەبلىك ۋەقەلىكنىڭ قانات يېيىشىدا مۇنداق ئىككى خىل پرىنسىپقا قەتئىي ئەمەل قىلىنغان دەپ قارايمىز:

بىرىنچى، «يىپ ئۇچى قالدۇرۇش پرىنسىپى». مەيلى قايسى مىللەتنىڭ چۆچەكلىرى بولسۇن، يىپ ئۇچى قالدۇرۇش پرىنسىپى چۆچەكلەرنىڭ تەرەققىياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان پرىنسىپتۇر. ئەلۋەتتە، «يىپ ئۇچى قالدۇرۇش پرىنسىپى» دېگەن بۇ پرىنسىپنى چۆچەك ئىجادچىلىرى بولغان خەلق ئەمەس، بەلكى چۆچەك تەتقىقاتچىلىرى قويغان نامدۇر. يەنى سۇژىتى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان چۆچەكلەردە سۇژىت تەرەققىياتى ئۈچۈن مەلۇم نەرسىنىڭ ئالدىن ئوتتۇرىغا چىقىشى ياكى مەلۇم نەرسىنىڭ كەم بولۇشىدىن ئىبارەت. بەزىدە بۇ خىل پرىنسىپ كەمتۈكلۈك پرىنسىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئالدىن ئوتتۇرىغا چىققان شۇ يىپ ئۇچى ئەسەرنىڭ ئاخىرقى تەرەققىياتىنى بېكىتىدۇ. مەسىلەن، «ئەڭگۈشتەر» تىپىدىكى چۆچەكلەر. بۇ تىپتىكى چۆچەكلەردە «ئەڭگۈشتەر» نۇرغۇن كېسەلگە داۋا بولالايدۇ. يىگىت يولدا كېتىۋېتىپ

چاشقان، ھەرە، يىلان دېگەندەك ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇپ
قالىدۇ. كېيىن يىگىت شۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن مەلىكىگە
ئېرىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەسەرنىڭ بېشىدىكى ئەگىگۇشتەر-
نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئەسەرنىڭ ئاخىرىدىكى مەلىكىنى
ئىزدەش ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان ئەقىل-مىكىرلەر
بىلەن ياكى يىگىتنىڭ مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن
لازىم بولىدىغان قوراللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇ ھەم
«كەملىك پرىنسىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنداق دېگىنىمىز
چۆچەكلەردە ھەمىشە مەلۇم نەرسە كەم بولۇپ قالىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن شۇ نەرسىنى ئىلىپ كېلىش لازىم بولىدۇ. بۇ
باش قەھرىماننىڭ پىشىپ يېتىلىش جەريانى بولۇپ، ئەسەر
سۇژىتىنىڭ تۈگۈنىدۇر. مەسىلەن، پادىشاھ بۇلبۇلگويانى
چۈشەيدۇ. لېكىن بۇلبۇلگويا يوق. شاھزادە مەلىكىنى جا-
ھاننامە ئەينىكىدە كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىدۇ. ھوشىغا كېلىپ
قارىسا مەلىكە يوق. ئاشۇ مەلىكىنى، بۇلبۇلگويانى، ئەيتا-
ۋۇر كەم بولغان مەلۇم نەرسىنى تېپىش چۆچەك سۇژىتىنىڭ
تەرەققىياتىنى كولمىناتسىيە نۇقتىسىغا يېتەكلەيدۇ. ئوخشا-
شلا «ئالتۇن كەش» چۆچىكىدىكى كەشنىڭ يوقىلىپ كېتى-
شىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. شەكىل جەھەتتىن ئۇ «خاسىيەت-
لىك ئەگىگۇشتەر» چۆچىكىدىكى ئەسلىي بار بولغان بولسى-
مۇ كېيىن يوقىلىپ كەتكەن ئەگىگۇشتەرگە ئوخشايدۇ. ئۇ-
نىڭدا قاچان خاسىيەتلىك ئەگىگۇشتەر تېپىلسا شۇ چاغدا
باش قەھرىماننىڭ مۇرادى ھاسىل بولىدۇ. «ئالتۇن
كەش» چۆچىكىدە بولسا قاچان ئالتۇن كەش ئىگىسىنى
تاپسا شۇ چاغدا شاھزادىنىڭ مۇرادى ھاسىل بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئۆرپ-ئادەت ۋە ئېتىقادقا مۇناسىۋەت-
لىك بولۇش پرىنسىپى. مەلۇمكى سېھىرلىك چۆچەكلەر
ھەرقانداق مىللەت چۆچەكلىرىنىڭ مەركىزىي قىسمىنى
تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ ئەپسانىلەرنىڭ راۋاجى بولغاچقا، ئۇ-
نىڭدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى
دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق ئىدېئولوگىيىگە ئائىت چۈشەنچىلە-
رى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. «خاسىيەتلىك تاش» چۆچىكى-
دە نېمە ئۈچۈن يىگىت كىشىلەرگە پايدىلىق بولغان قوي،
ئۆچكە، ئات قاتارلىقلارنى قۇتقۇزۇۋالماي، ئەكسىچە دېھ-
قانچىلىقنىڭ دۈشمىنى، ئىنسانلارنىڭ كۈشەندىسى بولغان
چاشقان، يىلان، ھەرە قاتارلىقلارنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ. بۇ ئە-
مەلىيەتتە بۇددا دىنىنىڭ ھېكمەتلىرىدىن بولغان «ھەرقان-

داق جانلىققا زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ» دېگەن چۈ-
شەنچىنىڭ ھېكايىلىشىشىدۇر. بىز دېمەكچى بولغان سېھىر-
لىك چۆچەكلەردىكى ئوبرازلار خالىغانچە ئوتتۇرىغا چىق-
ماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، دىنىي ئېتىقا-
دى بىلەن باغلىنىشلىق ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا سې-
ھىرلىك چۆچەكلەرنى بىر مىللەتنىڭ ئېتىقاد تارىخىنى بىلىش-
تىكى مۇھىم ئاساس قىلىشقا بولىدۇ، «ئالتۇن كەش» چۆ-
چىكىمۇ دەل مۇشۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلغان.

ئالتۇن كەش چۆچىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەر
ئىككىلا پرىنسىپقا قاتتىق ئەمەل قىلغان. ئەمما بىزنىڭ ئەڭ
قىزىقىدىغىنىمىز بۇ ئىككى پرىنسىپنىڭ كېسىشمە نۇقتىسى
بولغان «قىزنىڭ ئايىغىنى ئۇنتۇپ قېلىش ئېپىزوتى» دىن
ئىبارەت (ئەلۋەتتە، چۆچەكنىڭ ياۋروپا ۋارىيانتلىرىنىڭ بىر
قىسمىدا تىلغا ئېلىنغان «ئۈزۈكنىڭ ئۇنتۇلۇپ قېلىشى»
بىلەن «ئالتۇن كەشنىڭ ئۇنتۇلۇپ قېلىشى» ئوتتۇرىسىدا
«چىرايلىقنە ئۆزگەرتىش» مەۋجۇت. ياۋروپالىقلار
ئۈچۈن «ئۈزۈك» نىكاھتىن، ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان
قىزدىن دېرەك بەرسە، بىز ئۈچۈن «ئاياغ» ئوخشاشلا نى-
كاھتىن، ئۆزىمىزگە مۇۋاپىق كېلىدىغان مەلىكىدىن دېرەك
بېرىدۇ). قىز نېمە ئۈچۈن ئايىغىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، نېمە
ئۈچۈن ئايىغىنى ئۇنتۇپ قالغاندىن كېيىنمۇ قىلچە ئەنسىرى-
مەيدۇ، ئەكسىچە ئاغلىق ياكى ئاگسىز ھالدا كەش ئارقى-
لىق شاھزادىنىڭ ئۆزىنى تېپىشىنى كۈتىدۇ.

بىز بۇ جەريانغا نىكاھقا بولغان مايىللىق سىڭگەن
دەپ قارايمىز. ئالان دونديس بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:
««كۈلقىز» چۆچىكىنى مىسالغا ئېلىپ ئېيتساق، سىلەرنىڭ
جۇڭگودا كۈل قىز ھەققىدە ئەڭ قەدىمكى خاتىرىلەر بار
بولۇپ، ئۇنىڭدىكى كەشنىڭ سىمۋولى ھەرگىزمۇ ئاشۇ
چۆچەك بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇ چۆچەكتە كۈل
قىز ئەڭ ئاخىرىدا خرۇستال كەشنى كىيىپ شاھزادە بىلەن
دىلدارلىشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ. بۇنىڭدا
كەش بىلەن توي ئوتتۇرىسىدا بىر خىل باغلىنىش ئىپادى-
لەنگەن. ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە فولكلورىدىمۇ
كەش توغرىسىدا نۇرغۇن مەزمۇنلار بار. ئالايلۇق، ئامې-
رىكىلىقلار توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندە، يىگىت بىلەن
كېلىنچەك ئولتۇرىدىغان ماشىنىنىڭ قوغداش تاختىسىغا
كەش چىگىپ قويىدۇ. سىز ئۇلاردىن نېمە ئۈچۈنلىكىنى

سورىغان چېغىڭىزدا ئۇلار نېمە ئۈچۈنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ، بەلكىم بۇ پەقەت بىر ئادەت خالاس دەپلا جاۋاب بېرىدۇ».

ئالان دوندېسنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى بىزگە بىزمۇ «بۇ پەقەت بىر ئادەت، خالاس» دەپ قاراۋاتقان ئادەتنى ئېسىمىزگە كەلتۈردى. كېرىيە، چىرا، نىيە، لوپ ناھىيىسىنىڭ ئايرىم جايلىرى، چەرچەن ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردا ئاياغقا ئائىت مۇنداق ئادەت ساقلانغان. تويدا قىزنى يۆتكەيدىغان چاغدا، قىز تويلۇق كىيىملەرنى كىيىپ ئاندىن يىگىت بىلەن بىللە ماڭىدۇ. بۇ چاغدا قىز يىگىتنىڭ ئالدىغا بىر پاي كەشنى چىقارتىدۇ. يەنى «بۇ كەش قىزغا پاتماپتۇ» دېيىلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان يىگىت ئاياغقا پۇل سېلىپ قويىدۇ. بەزى چاغلاردا ئاياغ يېنىپ چىقمايدۇ. بەزى چاغلاردا ئاياغ يېنىپ چىقىپ يەنىلا پاتمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. يىگىت يەنە قىزنىڭ ئايىغىغا پۇل سالىدۇ. ئاخىر ئاياغ قىزغا دەل كېلىدۇ. بۇ بىر خىل كومېدىيىلىك جەريان بولۇپ، ئاياغنى ئەسلىي قىز بىلەن يىگىت بىللە ئالغان ياكى قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر يىگىت تەرەپ بىلەن بىللە ئالغان ۋە كېيىنچە يىگىت تەرەپكە يەتكۈزۈپ بەرگەن. ئاياغنىڭ دەل كەلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس؛ ئىككىنچىدىن، كىچىك كېلىپ قالغان ئاياغ قانداقلارچە پۇلنى سالسا دەل كېلىپ قېلىشى مۇمكىن؟

مېنىڭچە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سوئاللارغا پەقەت ئالتۇن كەش چۆچىكى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان قىياسىمىزلا جاۋاب بېرەلەيدۇ. بۇ كومېدىيىلىك ئېپىزوت شەكلىدە يىگىت خۇددى ئالتۇن كەش (ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئالتۇن كەش دېگىنى پەقەتلا سۈپىتى بولۇپ، قىممەتلىك دېگەن مەنىنىلا ئىپادىلەيدۇ، خالاس)نى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان شاھزادىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە پۇل سېلىنىشى بولسا، ئالتۇن كەشنىڭ قىممەتلىك بولۇش شەرتىنى ئورۇندايدۇ. بۇ ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ئالتۇن كەش چۆچىكىگە شۇ قەدەر ئوخشاشلىقى شۇكى، بىر پاي كەش يانىدۇرۇلۇپ چىقىرىلىدۇ. ئەگەر ئىككىلا پاي كەش يېنىپ چىقىلغان ئەھۋالدىمۇ، پەقەت بىرسىگىلا پۇل سېلىنىدۇ. مەنچە بىز قەغەز پۇل ئاللىقاچان ئىجاد قىلىنىپ ئومۇملاشقان دەۋرىمىزدىن كېيىنگە قايتساق ئەسلىي ئۇنىڭ ئىچىگە پۇل ئەمەس، ئالتۇننىڭ سېلىنغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. بۇنداق بولغاندا بۇ ئادەت دەل ئالتۇن كەش چۆچىكىدىكى قىز ئىزدەش مۇتىفىنىڭ دەل ئۆزىدىن ئىبارەت. بۇ بىزگە كەشنىڭ شەكسىزكى نىكاھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. دادىل گۇمان قىلغىنىمىزدا كەشنىڭ دەل كېلىشى ۋە كەشنىڭ ئۆزىگە مۇۋاپىق كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش دەل يىگىتكە مەيلى بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان بىر خىل شەكىل بولۇشى مۇمكىن.

بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئىزدىنىشىمىز بىلەن مەشھۇر ئالىم ئالان دوندېسنىڭ «روھىي ئانالىز نۇقتىسىدىن ‹قىزىل بۆك› چۆچىكى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغان چېغىمىزدا مەسىلىلەر تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. يەنى جىنسىيەتكە ئالاقىدار مەزمۇن ۋە ۋەقەلىكلەر مەدەنىي جەمئىيەتنىڭ مەيدانىغا كېلىشىگە ئەگىشىپ پىنھانلىققا ئۆتىدۇ. دېمىشكە بولىدۇكى، پۇتنىڭ ئاۋۋال جىنسىيەتكە ئالاقىدار مەزمۇننى ئېلىپ كېلىشى، كېيىن ئاياغنىڭ نىكاھقا، قىزنىڭ مەيلىگە سىمۋول قىلىنىشى ئەمەلىيەتتە، فروئىدنىڭ قارىشىدىكى ياۋايىلىقنىڭ يوشۇرۇنۇش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن. ئۇ ئەخلاق، قانۇن، ئادەت قاتارلىقلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئىنساننىڭ مەدەنىيلىك چۈشەنچىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ روشەن ھالدىكى يالىڭاچ جىنسىي چۈشەنچىلەر بارغانچە ئۆزىنى قېلىن بىر قەۋەت سىمۋوللار بىلەن يوشۇرۇپ ئالىدۇ دەپ قارايدۇ. دەرۋەقە «ئالتۇن كەش» چۆچىكىدىكى «قىزنىڭ كەشىگە ماس كېلىدىغان پۇتنى ئىزدەش»، ئۇيغۇرلارنىڭ «چىن تۆمۈر باتۇر»، سالارلارنىڭ «ئاتىنىڭ ئوغلى»، ئۆزبېكلەرنىڭ «بەدەل باتۇر»، يۇغۇرلارنىڭ «ئۈچ باشلىق يالماۋۇز ۋە پالۋان يىگىت» قاتارلىق چۆچەكلەردىكى يالماۋۇزنىڭ قىزنىڭ پۇتىغا بىگىز تىقىپ قان شورىشىغا قارىغاندا جىق يوشۇرۇن، ئەلۋەتتە. بۇ خىل يوشۇرۇنلۇق «ئالتۇن كەش» چۆچىكىنىڭ پەيدا بولغان دەۋر جەھەتتىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چۆچەكلەردىن خېلىلا كېيىن تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

دېمەك، پۇت، پاچاقتىن ئىبارەت جىنسىيەتنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى ئۆزىگە يوشۇرۇپ تۇرىدىغان ئەزانىڭ ياپقۇسى بولغان ئاياغمۇ نىكاھقا باغلىنىشلىق بولۇشتەك سىمۋوللۇق مەنىنى ئۆزىگە يۇغۇرغان.

ئىزاھلار:

① ستىس تومپسون: «دۇنيا چۆچەكلىرىنىڭ تىپلوگىيىسى»،

شاڭخەي مەدەنىيەت ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1991 ـ يىل 2 ـ ئاي نەشرى، 151 ـ بەت.

② ستىس تومپسۇن: «دۇنيا چۆچەكلىرىنىڭ تىپلوگىيىسى»، شاڭخەي مەدەنىيەت ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1991 ـ يىل 2 ـ ئاي نەشرى، 153 ـ بەت.

③ «كۆل قىز» چۆچىكىدىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى، تيەنجىن چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2003 ـ يىل 6 ـ سان.

④ بۇ ھەقتە قىزىقىقۇچىلار ئوسمان ئىسمائىل تارىمنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىنىڭ 66 ـ بېتىدىن 76 ـ بېتىگىچە قاراڭ.

⑤ «كۆل قىز» چۆچىكىدىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى، تيەنجىن چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2003 ـ يىل 6 ـ سان.

⑥ فروئىد: «چۈش تەبىرى»، جۇڭگو خەلق سەنئىتى نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى، 280 ـ بەت.

⑦ ۋ. ئىبخارد: «جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋوللۇق لۇغىتى»، خۇنەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 263 ـ بەت.

⑧ ۋاڭجېن: «پۇت، پاچاق، ئاياغ» خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇنبىرى، 1998 ـ يىللىق 3 ـ سان.

⑨ ۋاڭجۇېن: «گۈلنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى»، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇنبىرى، 1992 ـ يىللىق 6 ـ سان.

⑩ لەنكې: «ئىپتىدائىي دىن ۋە ئەپسانە»، خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى مەجمۇئەسى 4 ـ سان، 1985 ـ يىل 5 ـ ئاي.

⑪ ۋىسمارك: «ئىنسانىيەتنىڭ نىكاھ تارىخى»، شاڭۋۇ باسمىسى، 1992 ـ يىل نەشرى 137 ـ بەت.

⑫ خۇاڭشى: «جىنسىيەتكە ئائىت خۇراپىيلىقلار ۋە ئادەتلەر»، يېڭى شىمال ژۇرنىلى 4 ـ جىلد 11 ـ سان، 1930 ـ يىل 6 ـ ئاي (مەزكۇر ستاتا، ۋاڭجېن «پۇت، پاچاق، ئاياغ» خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇنبىرى، 1998 ـ يىللىق 3 ـ ساندىن ئېلىنغان).

⑬ «جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىنلىرى ۋە ئەپسانىلىرى چوڭ لۇغىتى»، شۆيۈەن نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى، 375 ـ بەت.

⑭ ئوسمان ئىسمائىل تارىم: «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى، 331 ـ بەت.

⑮ فروئىد: «توتېم ۋە پەرھىز» جۇڭگو خەلق سەنئىتى نەشرىياتى، 1986 ـ يىل 5 ـ ئاي.

⑯ «چۈش تەبىرى» خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن شافىگىراف نۇسخا.



(ئاپتورلار: ياسىن مۇھەممەتنىياز تېكە: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى، ماگىستىر.

گۆھەرنىسا ئابلىكىم: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ماگىستىر).




«فىلىمتوندا ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغىنى تولاراق شۇ قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتا ئۆزگىچە نەزەر بىلەن كۆزەتكەن، بىلگەن ھادىسە، ۋەقەلىكلەرنى ھەققانىيەت زېمىنىدا تۇرۇپ ئۆزىگە خاس زېرەكلىك ۋە ماھارەت بىلەن تەھلىل قىلىپ، ھېچنېمىنىڭ چەكلىمىسىگە قارىماي، ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈپ، جەسۇرانە ھالدا ۋىجدانەن ئوتتۇرىغا قويغان يۈرەك سۆزىدۇر. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، فىلىيەتون مەنتىقىي تەپەككۇر بىلەن جۇشقۇنلۇق ھاياجاننىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ھەم شېرىن، ھەم چۇچۇك مېۋىدۇر.» مانا بۇ تەرجىمە ئەدەبىياتىمىزنىڭ پېشىۋاسى، ئۇستاز تەرجىمان توختى باقى ئارتىشى ئەپەندىنىڭ مەزكۇر ژانىرغا قارىتا ئاقىللارچە تەبىرى. يېقىندا «ئىزچىلار» كىتابخانىسى نەشرگە تەييارلىغان «كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول» ناملىق فىلىيەتونلار توپلىمى بۇ مۆھتىرەم قەلەم ساھىبىنىڭ «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ»، «ھەق سۆزلىگەن گۇناھ ئەمەس» (ئىككى قىسىم) قاتارلىق فىلىيەتون توپلاملىرىدىن كېيىن خەلقىمىزگە سۇنغان يەنە بىر كۆڭۈل سوۋغىسى. ئىشىنىمىزكى مەزكۇر كىتاب ھايات ھەققىدىكى تەپەككۇرىڭىزنى بېيىتىپلا قالماي، يەنە نۇرانە ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئاجايىپ سېھرىي كۈچى بىلەن ئەقلىڭىزنى لال قىلىدۇ.



# ژۇرنال ماركىسى ۋە تەھرىرنىڭ مەسئۇلىيىتى

ئىمىر ھەسەن ماخمۇت

بۈگۈنكى كۈندە ژۇرناللارنى بىر «مەدەنىيەت مەھسۇلاتى» دېسەك، ھەر بىر ژۇرنالنىڭ ئەتراپىدىكى ئاپتورلارنى مەدەنىيەت خام ئەشياسى بىلەن تەمىن ئەتكۈچىلەرگە؛ تەھرىرلەرنى شۇ مەدەنىيەت خام ئەشياسىنى ئوراپ، قاچىلاپ كىشىلەرنىڭ نۆۋەتتىكى مەنىۋىيەت ئېھتىياجىغا لايىقلاشتۇرغۇچى تېخنىك، لايىھىلىگۈچىلەرگە؛ ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرىنى مەدەنىيەت تارقىتىش شىركەتلىرىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۆزئارا چۈشىنىش، ھەمكارلىق، دوستلۇقتىن بارلىققا كەلگەن بىر مەھسۇلاتنىڭ بازاردا ئالقىشلىنىشى ئۇنى ئىشلەپ چىقارغان ئورۇنغا بىۋاسىتە گۈللىنىش پۇرسىتى ئاتا قىلسا، ئەكسىچە بولغاندا نۇرغۇن مۇشكۈلات ياكى ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ، خالاس. شۇڭغا ئوخشاش ژۇرناللارنىڭ تەقدىرى بارا-بارا ئوقۇرمەنلەر بازىرى ئارقىلىق بەلگىلىنىشكە قاراپ مېڭىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئالدى بىلەن تەھرىر بولغۇچىنىڭ ۋىجدانى مەسئۇلىيەت مەيدانىدا تۇرۇپ ئۆزى، ژۇرنالنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ماركىسى ھەققىدە ئويلىنىشى بىلەن بىرگە، نۆۋەتتە بىر قىسىم ئاپتورلىرىمىز ئىجادىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنى ئۇلارغا سەممىي يوسۇندا يوللاپ، بىرئورتاق نىشان — ژۇرنالنىڭ تەرەققىيات، ئىستىقبالىغا تېگىشلىك كۈچ كۆرسىتىش رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىر پات-پاتلا بىر قىسىم ژۇرنال تەھرىرلىرى ئاغزىدىن: «ئاپتورلار ئەسەرلەرنى ئىلگىرىكىدەك كۆپ ياكى تازا ئەستايىدىل يازمايدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ»، دېگەندەك سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالىمىز. ئەلۋەتتە، ئاپتورلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئويلىغانلىرى بار. ئەدەبىي سۆھبەت يىغىنلىرى ياكى ژۇرنال خىزمىتى بىلەن بولغان كاماندىروپكىلارغا بېرىپ ئاپتورلار بىلەن ئۇچراشقان چېغىمىزدا بىر قىسىم سەممىي، ئەدەبىياتقا ھەقىقىي مۇھەب-

بەت بىلەن بېقىپ كېلىۋاتقان، ژۇرنالنىڭ تەرەققىيات ئىسـ
تىقبالىغا ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولىدىغان ئاپتورلار:
«بىر قىسىم ژۇرناللارنى كۆرۈپ ھەيران قالىمىز. تاللانـ
غان ئەسەرلەرنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى سۈپىتى خېلىلا
تۆۋەن تۇرۇقلۇقمۇ مەتبۇئاتتىن ئورۇن بېرىلگەن. شۇ-
نىڭغا قاراپ بۇنداق ئەسەرلەرنى تاللىغان تەھرىرلىرىمىز-
نى ژۇرنال بەت سانىنى توشقۇزۇش ئۈچۈنلا ئىشلەۋېتىپ-
تۇ دەپ ئويلاپ قالىمىز...»، دېگەندەك پىكىرلەرنى قىلـ
دۇ. دېمەككى، بىر ژۇرنالنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئورنى، جەمـ
لىدىن ماركىسىنىڭ كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلب ئاسمىنىدا
جەۋلان قىلىشىدىكى ئىككى قانات سانالغان ئاپتور، تەھـ
رىرلەر ئۆزلىرى رازى بولمىغان ئەسەرلەرنىڭ ئوقۇرمەنـ
لەر ئارىسىدا ئالقىشلانماسلىقى تۇرغانلا گەپ.

دۇنيادىكى ھەر قانداق ماركا ـــ شىركەت، كارخانا
خادىملىرىنىڭ ئۆز كەسپىگە بولغان ھەقىقىي مەسئۇلىيەت،
مۇھەببىتىدىن بارلىققا كېلىدۇ. مەسئۇلىيەت، مۇھەببەت
قانچە كۈچەيگەنچە ماركىنىڭ ئابرۇيى، ئىناۋىتى شۇنچىكى
ئۆسۈپ، ئۇنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ بارىدۇ. بۈگۈنكى ئو-
قۇرمەنلەر ئارىسىدا ژۇرناللارنى ھەرقايسى كىتابخانىلار
ئارقىلىق تاللاپ سېتىۋېلىش مۇشتەرى بولۇش يولىغا قا
رىغاندا مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتتى. نەتىجىدە ژۇر-
نالالارمۇ مەدەنىيەت مەھسۇلاتى سۈپىتىدە رىقابەت سورۇ-
نىغا كىرىشكە باشلىدى. شۇنداقكەن ھەرقايسى ژۇرناللار
يېڭى بىر رىقابەت دەۋرىدە ئۆز ماركىسى ئارقىلىق پۇت
تىرەپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولماقتا.

ئۇنداقتا ژۇرنال ماركىسى قانداق يارىتىلىدۇ؟ قانۇ-
نىيەت يەنىلا ئوخشاش، سۈپەت ماركىنىڭ جېنى. سۈپەت
ئۈچۈن مۇھەببەت، مەسئۇلىيەت كېرەك. ئەلۋەتتە بۇ
نىشان تەھرىر ۋە ئاپتورلارنىڭ بىرلىكى، چۈشىنىشى ۋە
دوستانە، سەمىمىي پىكىر ئالماشتۇرۇشى ئارقىلىق روياپقا
چىقىدۇ.

**ئەسەر تېمىسى ئوقۇرمەن پۇرايدىغان تۇنجى گۈل**

كىتاب سېتىۋالماقچى بولغان ھەر قانداق بىر كىتابـ
خان ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تېمىسى بىلەن ئۇچرىشىدۇ.
ئۇلار يەنە ژۇرنالنى ئوقۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىكى ئەسەر-
لەرنىڭ تېمىسىغا بىر باشتىن كۆز يۈگۈرتىدۇ. گېزى كەلـ
گىنىدە ھەتتا ژۇرنالدىكى مەلۇم بىر ئەسەر ئۈچۈن قويۇلـ
غان ياخشى بىر جەلپكار تېما ئۇنىڭ سېتىلىشىغا سەۋەبكار
بولىدۇ. ئەسەرنىڭ تېمىسى چىرايلىق، خۇش پۇراق بىر
گۈلگە ئوخشايدۇ. دېمەككى، ئەسەر تېمىسىنى ياخشى
قويۇپ ئۇنى ئوقۇرمەن نەزەرىگە ئىلىندۇرۇش ئاپتور ۋە
تەھرىردىكى بىر ماھارەت. ھەر قېتىم كىتابخانىلارنى
ئارىلاش جەريانىدا كىتابپۇرۇشلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى پە-
كىرلىرىمۇ ئاز بولمىدى. دېمىسىمۇ ئەسەر كۆرۈش جەريا-
نىدىمۇ شۇنى ھېس قىلدىمكى بىر قىسىم ئاپتورلارنىڭ ئە-
سەرلىرى ھەقىقەتەن ياخشى يېزىلغان، بىراق تېمىسى بىر
بولسا بەكلا ئاددىي، بىر بولسا ئەدەبىي ئەسەر بەدىئىيلە-
كىدىن يىراق، ياكى بولمىسا كىتابخانىغا بىر پۈتۈن ئەسەر
مەزمۇنىدىن شەپە بېرىپ، ھەممىنى ئالدىن ئاشكارىلايدىـ
غان تېمىلار بولۇپ، بۈگۈنكى دەۋر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ
ئېستېتىك تەلىپىگە ئويغۇنلىشالمىغان. بۇنداق تېمىلار شۇ
پېتى ژۇرناللاردا پەيدا بولغاندا بىر بولسا ئوقۇرمەنلەر-
دىن، بىر بولسا كىتابپۇرۇشلاردىن تەكلىپلەر كېلىپ، ئە-
سەرگە يېڭىچە، ئاجايىپ ياخشى تېمىلار قويۇلۇۋاتقان. بۇ
تەكلىپ، پىكىرلەر قانچە ياخشى بولسىمۇ، بىراق تەھرىر-
لەر تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن
ئاپتورلارغا يەتكۈزمىسە ياكى تەھرىرلىك قىلىش جەريانىـ
دا تېما ھەققىدە ئەستايىدىل باش قاتۇرۇپ ئۇنى جەلپـ
كارلىق ھەم ئەدەبىي گۈزەللىككە ئىگە قىلمىغىنىدا ئەسەر-
لىرىمىزدە كۆرۈلۈۋاتقان بۇ ھال يەنىلا كونا سەنەمدىن
ئۆزگىگە دەسسىيەلمەي قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتوردىـ
مۇ، تەھرىردىمۇ ئەسەرنىڭ يەڭگىلتەك تېمىلاردا ئوقۇر-
مەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە يول قويمايدىغان مەسئۇ-
لىيەت ئېڭى بولمىسا بولمايدۇ، بولۇپمۇ تەھرىرلەر.
چۈنكى تەھرىر نۆۋەتتىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سادىسىغا
قۇلاق سالغۇچى، تەلەپ پىكىرلىرىنى ئىلمىي تەتقىق قىلغۇ-
چى، ژۇرنال بازىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن بىۋاستە
خەۋەردار بولغۇچى.

**ۋەقەلىكى زىددىيەت توقۇنۇشسىز ئەسەردە سېھرىي كۈچ بولمايدۇ**

بۇ دۇنيا، ھەممىمىزنىڭ تۇرمۇشى زىددىيەت توقۇ-
نۇشلارغا تولغان، كىچىك چاغلىرىمىزدا بىزنى تاتلىق ئۇيـ
قۇلىرىمىزدىن ۋاز كەچتۈرۈپ ئۆزىگە رام قىلغان چۆچەكـ
لەرنىڭ سېھرىي كۈچى نەدە؟ نېمە ئۈچۈن بىر قىسىم يازـ
غۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قولىمىزغا بىر ئالغانچە ئوقۇ-
ۋەتمىگىچە بولدى قىلمايمىز؟ بۇنىڭغا گەرچە شۇ ئەسەر-

لەردىكى خىلمۇخىل ماھارەت، ئۇسلۇبلار سەۋەب بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى يەنىلا ئەسەردىكى زىددىيەت توقۇنۇشنى جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇش. ئەسەرنىڭ زىددىيەت توقۇنۇشى ئوقۇرمەننى ئەسەرگە مەپتۇن ئېتىدىغان بىر خىل كۈچ.

ھازىر ژۇرناللىرىمىزدا ئېلان قىلىنىۋاتقان بىر قىسىم ئەسەرلەرنى ئوقۇيدىغان بولساق، ناھايىتى ياخشى تۇرمۇش دېتاللىرىنىڭ ئەسەردىكى زىددىيەت توقۇنۇشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلالمىغانلىق سەۋەبىدىن ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقنى بايقايمىز. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەردە ئوقۇرمەن ئەسەرنىڭ بىرىنچى ئابزاسى ياكى نەچچە بېتىنى ئوقۇپ تۈگىتىپلا ئەسەرنىڭ كېيىنكى يېشىمىدىن ئاللىبۇرۇن خەۋەردار بولۇپ بولىدۇ. ئوقۇرمەن قەلبى كولمىناتسىيىگە بارماي تۇرۇپلا شۇنچە تېز سوۋۇپ كەتكەن ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى دەل ئاپتورنىڭ ئەسەر يازغاندا، تەھرىرنىڭ تەھرىرلەش جەريانىدا بۇ ھەقتە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئويلانمىغانلىقى، كۈچ بەرمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان.

كۈندە ھەر قانداق تەھرىر بۆلۈمىگە ئاپتورلاردىن ئۆزئەسىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىنى سوراپ كېلىدىغان تېلېفونلار باشقا تېلېفونلارغا قارىغاندا كۆپ. بىراق، تەھرىرلەر ھەر بىر ئەسەرگە بىرمۇ بىر، كونكرېت جاۋاب بېرىپ بولالمايدۇ. مېنىڭچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىش تەلىپىگە يەتمىگەن كۆپلىگەن ئەسەرلەر زىددىيەت توقۇنۇشنى جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوقۇرمەن قەلبىنى دولقۇنلۇق ھاياجانغا سېلىشتا ئاجىز كېلىپ قالغانلىقىدىن تەھرىرلەر تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە «ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى — تۇرمۇش»، بۇ قانۇنىيەتنى ھەممىمىز بىلىمىز. بىراق، بىر ئاپتور ئۈچۈن مۇھىمى تۇرمۇشنىڭ زىددىيەت- توقۇنۇشقا تولغان ماھىيىتىنى ئۆز ئەسىرىدە جانلىق، سەممىي ئەكس ئەتتۈرۈش بولسا؛ تەھرىر ئۈچۈن مەسئۇلىيەت روھىدا ھەر بىر ئەدەبىي ئەسەرگە بۇ تەرەپتىن قاتتىق ئۆلچەم قويۇپ، ژۇرنال ماركىسىنىڭ كۈنسېرى ئوقۇرمەن ئارىسىدا شەرەپ تېپىشىغا كۈچ كۆرسىتىش مۇھىمدۇر.

**يېزىقچىلىقتىكى تىل ناخشىدىكى پۇراققا ئوخشايدۇ**

ئەسەردە ئىشلىتىلگەن تىل بىلەن ئوقۇرمەننىڭ ۋاقتى ئولڭ تاناسىپ. پوۋېست، رومانلاردا ئىشلىتىلگەن تىل گۈزەل، ئەدەبىي پۇراققا تويۇنغىنىدا ئوقۇرمەن ئۆز ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىلمەي قالىدۇ. ئۇنىڭ شۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ۋاقتى ئۆز نەزەرىدە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك. بىراق بىر قىسىم ئەسەرلەردە ئاپتور تىلنى گۈزەللەشتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن زورۇقۇپ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىشقا ھەددىدىن زىيادە كۆچەپ ئەكسىچە ئۇنۇمگە ئېرىشكەن بولسا، يەنە بىر قىسىم ئەسەرلەردە ئاپتور ئەدەبىي تىل ئورنىغا ئاخبارات، خەۋەر تىلى ئىشلىتىپ ھېكايە، پوۋېست يېزىۋاتقان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. يېزىقچىلىقتىكى تىل ناخشىدىكى پۇراققا ئوخشايدۇ. ئەمەلىيەتتە تاماشىبىن قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغىنى ناخشىچى ئاۋازىدىكى نازۇك پۇراقلار بولغىنىدەك، ئوقۇرمەن قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغىنى يازغۇچى قەلىمىدىكى گۈزەل تىلدۇر. شۇڭا ئەدەبىياتنى تىل سەنئىتى دەيمىز.

ئىلى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ سېھرىي كۈچى ئۇنىڭ تىل سەنئىتىدە. تىل سەنئىتى بولغانلىقىمۇ ئاڭلىغۇچىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىكى زېھنىنىڭ مەركەزلىشىشىنى قىسقا، ئىخچام، مېغىزلىق تىل بايانى ئارقىلىق ئۇتقانلىقىدا. مەن ئىلى خەلق چاقچاقچىلىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئۇزۇن، سوزۇلۇپ ئېيتىلغان لەتىپىلەرنى ئېيتقان چاقچاقچىلارغا قارىتا چاقچاق بىلەن ئېيتقان مۇنۇ ئىنكاسىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن: «بۇنداق ئۇزۇن چاقچاقلارغا بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئاياللار كىر يايىدۇ». ئەدەبىياتتىمۇ شۇنداق، تىلى ھەددىدىن زىيادە سوزۇلغان ئەسەرلەرگىمۇ كىر يېيىشقا توغرا كېلىدۇ.

نېمە ئۈچۈن بىر قىسىم ئەسەرلەردە بۇ ھال ئىزچىل تەكرارلىنىدۇ؟ جاۋاب ئېنىق، ئاپتور يازغاندا، تەھرىر ئەسەر ئىشلىگەندە ئۇنىڭ كاللىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ بوشلۇقىنى تەرجىمە تىلى ئىگىلەپ كەتكەن. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى بۈگۈنكى بىر قىسىم ياش ئاپتور، تەھرىرلەردە ئۆز ئەدەبىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش ئىستىكى بولغان بىلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر بولغان خەلق ئارىسىدىكى جانلىق، ئوبرازلىق، تېتىملىق تىللارنى قېزىش، خاتىرە قالدۇرۇش، ئۇنى ئەسەر يازغاندا ياكى تەھرىرلىك جەريانىدا ئىشلىتىش خاسلىقى يەنىلا سۇس.

**خاسلىق ماركىنىڭ جېنى**

ماركا يارىتىش ئۈچۈن خاسلىق بولمىسا بولمايدۇ. بۈگۈن بىرسى قۇۋۋەت تالقىنى ئىشلىسە، ئەتە يەنە بىرسى، ئۆگۈنى يەنە بىرسى... شۇنداق قىلىپ ھەممە كارخانا قۇۋۋەت تالقىنى ئىشلىسە دوراش، تەقلىد قىلىش يولىنى تۇتقان كارخانا مەھسۇلاتىدا خاسلىق بولمايدۇ.

ماركا ئۈچۈن مۇھىمى مەبلەغنى يېڭى تۈر، پىلان، خاسلىق ئۈچۈن ئىشلىتىشتۇر. ژۇرنالمۇ شۇنداق، ئۆز ماركىسىنى خاسلىقى ئارقىلىق تىكلەش ئۇنى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ئېتىراپقا نائىل قىلىدۇ.

ئۇنداقتا ژۇرنالدىكى خاسلىق نەدىن كېلىدۇ؟ يەنىلا تەھرىرلەردىكى مەسئۇلىيەت روھى ۋە ئۆز كەسپىگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببەت ژۇرنالغا خاسلىق ئاتا قىلىدۇ. ئەلۋەتتە ژۇرناللارنىڭ ئەدەبىي ژۇرنال، ئۇنىۋېرسال ژۇرنال، پەن-تېخنىكا تۈرىدىكى ژۇرنال، ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى ژۇرنال، تەبىئىي پەن تۈرىدىكى ژۇرنال، ئىلمىي ژۇرنال... دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىلىشى شۇ ژۇرناللار ئۈچۈن بېكىتىلگەن خاسلىق. مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم ئەنە ئاشۇ چوڭ خاسلىق ئىچىدىكى ژۇرناللارنى يەنە ئۆزىگە خاس سەھىپە، مۇقاۋا، بەت لايىھىسى، ئەسەر تەلەپ، ئۆلچەملىرى ئارقىلىق خاسلىققا ئىگە قىلىشتۇر. مەسىلەن، مەلۇم بىر ژۇرنال «ئەدەبىي خاتىرىلەر» سەھىپىسى ئېچىپ ئوقۇرمەن نەزەرىگە تاشلىنىشى بىلەنلا، ئارقىدىن بۇ تۈردىكى باشقا ژۇرناللارمۇ ئۆز ژۇرناللىرىدا ئەدەبىي خاتىرىلەرنى ياغدۇرۇۋەتسە؛ بىر ژۇرنال ئۆز ژۇرنىلىنىڭ خاسلىقىغا ياتىدىغان يېڭى سەھىپىلەرنى قايتا-قايتا پىلانلاش، لايىھىلەش ئارقىلىق ياراتسا، ئۇزاق ئۆتمەي باشقا ژۇرناللار ئۇنىمۇ شۇنچە تېز ئۆز ژۇرنىلىغا كۆچۈرۈپ كەلسە ئاقىۋەت شۇنداق بىر نەتىجە ئايان بولىدۇكى، خاسلىقنى يوقاتقان بۇنداق ژۇرناللار ئاستا-ئاستا ئۆز ئوقۇرمەنلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا باشلايدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئازلاپ كېتىشى ئۇنىڭ ماركىسىنىڭ ئىناۋىتى تەسىرگە ئۇچرىغانلىق بولماي نېمە؟ يەنە بازار تەكشۈرۈش جەريانىدا كىتابپۇرۇشلاردىن بۇ ھەقتىمۇ كونكرېت ئىنكاسلارغا ئېرىشتىم. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ھازىر خېلى كۆپ ژۇرناللار مەيلى سەھىپە جەھەتتىن بولمىسۇن، ياكى مۇقاۋا، بەت لايىھىسى جەھەتتىن بولمىسۇن ئوخشاپ، يېقىنلىشىپ قېلىۋېتىپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار سېتىۋاتقان ھەر بىر ژۇرنالنىڭ چۆپقەتلىرى ئايرىم بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر ھەتتا ياخشى كۆرىدىغان ژۇرنىلىنىڭ قايسى كۈنى نەشردىن چىقىدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق بىلەتتىكەن. ھازىرچۇ؟ بۇ ھال كىتابپۇرۇشلارنىڭ سودىسىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىۋېتىپتۇ. يەنىلا ژۇرنالدا خاسلىق بولغان ياخشى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ژۇرناللار ئاساسەن يەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدۇ. شۇنداقكەن ئۇلارنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى تولىمۇ ئورۇنلۇق گەپ. ئەمەلىيەتتە ھەر بىر رايوندا تېخى ئېچىلمىغان بايلىقلارغا ئوخشاش قېزىشقا، يورۇتۇشقا، ئوقۇرمەن بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇن تېما، تۇرمۇش دېتاللىرى ژۇرناللارنى، ئاپتورلارنى، تەھرىرلەرنى كۈتۈپ يېتىپتۇ.

**ئىلغار ئەندىزىلەر بىز ئۈچۈن ئەينەك**

بىزدە ژۇرناللار پۈچەك ئارقىلىق ئەۋەتىلىپ ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلىدۇ. بۇ تولىمۇ ئۆزگىچە بىر خاسلىق بولۇپ، بۇنىڭدا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان. دېمىسىمۇ ھەر بىر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ژۇرنال باشقۇرۇش، پىلانلاش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئۆزلىرى نەشر قىلىۋاتقان ژۇرنالدا ئەكس ئېتىدۇ. بىراق، ياخشى نىيەت، تىلەكلەرنى ئېلىپ كەلگەن بۇ ژۇرناللار بىر قىسىم تەھرىر بۆلۈملىرىگە كېلىش بىلەن ئۈستىگە توپا قوندۇرۇش قىسمىتىگە ئېرىشىدۇ. تەھرىرلەرنىڭ ئۇنى ئەستايىدىل، مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ ئوقۇپ چىقىشقا چولىسى يوق. دېمەككى، ئالدى بىلەن ئىچكى جەھەتتىكى ئىلغار ژۇرنال ئىشلەش ئەندىزىلىرىنى ئۆزىمىزنىڭ خاسلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش تولىمۇ مۇھىمدۇر. بۇ تەھرىرلەرگە بىر بولسا تەنقىد، بىر بولسا ئىلھام، يەنە بىر جەھەتتىن دوستانە رىقابەت ئېلىپ كېلىدۇ.

تەھرىرلىك مەڭگۈلۈك ئىزدىنىش، ئۆگىنىش، تاۋلىنىش جەريانى. ئۇ ھەر كۈنى يېڭى تەلەپ، ئېھتىياجلار ئالدىدا يېڭىلىنىپ تۇرۇشى كېرەك. ھازىر باشقا ئەل، رايونلارنىڭ ھەر خىل كىتاب، ژۇرناللىرىنى ئاساسەن دېگۈدەك تېپىش ئىمكانىيىتى بىزدە يارالغان. بۇ بىر ئەۋزەللىك. «مېغىزىنى ئايرىپ، شاكىلىنى تاشلاش» پرىنسىپىمىز بويىچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ كىتاب، ئەسەرلەرنى پىلانلاش؛ سەھىپىلەرنى ئۆز خاسلىقى بويىچە ئۆلۈك ھالەتتىن جانلىق، تىرىك ھالەتتە پىلانلاش، باشقۇرۇش؛ مۇقاۋا، ئىچ بەتلەرنى رەڭدار، ئۆزگىچە، جەلپكار لايىھىلەش؛ ژۇرنالنىڭ ھەر بېتىنى قىممەتلىك بىلىپ، ئىسراپ قىلماسلىق روھى؛ تەھرىرلەرنىڭ ئۆزىگە قويىغان تەلەپ، مەسئۇلىيىتى؛ ژۇرنالنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى قاتارلىقلارغىچە ھەممىسى بىز ئۈچۈن ياخشى بىر ئۆرنەك.

ژۇرنال ماركىسى تەھرىرلەردىكى مەسئۇلىيەت، ئۆز كەسپىگە بولغان ھەقىقىي مۇھەببەتتىن يارىلىدۇ.

(ئاپتور: «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)



# تۇيۇقسىز قانات چىقىرىش

**فاڭ رۇي**

بىز شىنجاڭغا كەلگەن بىر يىل مابەينىدە، ۋاڭ مېڭ ئۆيدە تۇزۇك تۇرۇپ باقمىدى، ئۇ 1964 ـ يىلى باھاردا تۇرپانغا بېرىپ، «تۇرپاندا باھار» دېگەن نەسرىنى يېزىپ، «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇردى، بۇ بىزگە خېلى چوڭ تەسەللى بولدى، 5 ـ ئايدا ئۇ يەنە چەت يىراق قەشقەرگە كەتتى.

دەسلەپتە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، كىچىك ئىككى بالا بىلەن تۇرمۇشتا بەكلا قىينىلىپ قالدىم. بىر كۈنى ئاغرىپ قېلىپ، قىزىتمام 39℃قا چىقىپ ھوشۇمدىن كەتتىم. ھوشۇمغا كەلگەندە ئاغزىمنىڭ قۇرۇپ چاكىلداپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. چايدان كارىۋىتىمنىڭ يېنىدىكى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدە تۇرسىمۇ ئەمما چايداندىن بىرەر ئىستاكان قايناق سۇ قۇيۇپ ئىچىشكە بىلىكىمنى كۆتۈرەلمەي قالغانىدىم. بۇ چاغدا مەن ۋاڭ مېڭنىڭ يېنىمدا ماڭا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىپ كەتتىم!

شۇ يىلى كۈزدە ۋاڭ مېڭ ئۇزاق يول ئازابىنى چېكىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ تولىمۇ خۇشال ھالدا يازغان بىر مۇنچە ئەسەرلىرىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇيلىمىغان يەردىن ئۇ رەھىمسىز رەت قىلىش بىلەن چەتكە قېقىشقا ئۇچرىدى. دەسلەپتە ماڭغاندا ئۇ ماختاشقا ئېرىشكەنىدى. «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇلى لىۋ بو قەشقەردىكى ۋاڭ مېڭغا خەت يېزىپ: «سىز كېلىپ ناھايىتى تېزلا تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى يېزىپسىز، ئەسەرلىرىڭىز ياخشى يېزىلىپتۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن كۆپچىلىك سىزدىن ناھايىتى رازى...» دېگەنىدى.

بىراق ئۇ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندە، «ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتى باشلىنىپ كېتىپ، ۋەزىيەت ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتتى. بۇنداق

مۇھىتتا ۋاڭ مېڭنىڭ نەدىمۇ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئەسەر ئېلان قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولسۇن؟ باسمىغا تىزىشقا بېرىلىۋېتىلگەن «چوغدەك قىزىلبايراق» بېسىلىشىنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىلدى. كىشىلەر خۇپىيانە ھالدا بىر - بىرى بىلەن پىچىرلىشىپ: «ۋاڭ مېڭغا ئوخشاش بۇنداق ئادەملەرنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ... ئوڭچىل قالپىقى گەرچە ئېلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا ئوڭچىل» دېيىشەتتى. ئەجەبا ئۇ مەڭگۈ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىلەرمۇ؟ بىزنىڭ كۆڭلىمىز قاتتىق غەش بولۇپ كەتتى. شۇنچە ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ شىنجاڭغا كەلسەك، يەنىلا «ئىشلەتكىلى بولمايدۇ» دېيىشىۋاتاتتى. ۋاڭ مېلىڭ ماڭا: «بۇ ئىشلار ھەققەتەن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى زەھەرلىۋېتىدىغان بولدى، قاچانمۇ تۇرمۇشىمىزدىن بۇ زەھەرلەرنى تازىلاپ چىقىرىۋېتەرمىز؟» دەيتتى.

ۋاڭ مېلىڭ گەرچە ئەسەر ئېلان قىلالمىسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بىر بېرىپ كەلسەم بولاتتى دەپ ئارمان قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەشقەرگە بېرىپ دۇنياغا مەشھۇر قەشقەر جامائەسىنى، توپا - چاڭ يوللاردا مىغىلداپ كېتىپ بارغان روپاش قىز - چوكانلارنى كۆردى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر خىل يەل - يېمىش، مېۋە - چېۋىلىرىگە ئېغىز تېگىپ، ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇن دوست تۇتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىكى ئابدۇمىجىت ئاۋۇت 1990 - يىلى كۈزدە بىز قەشقەرنى قايتا زىيارەت قىلغاندا، بىزنى كۆرگىلى ئالاھىدە ئالدىمىزغا كەلدى. ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغىنى، ۋاڭ مېلىڭ قوي تېرىسىدە ناھايىتى نەپىس تىكىلگەن كىچىك ئىككى دانە كەمچەت سېتىۋالدى، بۇ كېرىيە ئاياللىرىنىڭ ئالاھىدە زىننەت بۇيۇمى ئىدى، مانا تاكى بۈگۈنگە قەدەر، مەن ئۇنى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. يەنە بىر ئىش، يامغۇرلۇق چاپان، ۋاڭ مېلىڭ ئۇنى قەشقەردىكى بىر ئىمپورت - ئېكسپورت سودا دۇكىنىدىن سېتىۋالغان دەيدۇ، بۇ كۆل رەڭ، ئىككى يېڭى ئىزمىلىك، پاسونى يېڭى، رەڭگى ماسلاشقان يامغۇرلۇق چاپان ئىدى، مەن بۇ يامغۇرلۇق چاپاننى 80 - يىللارغىچە تاشلىماي كىيىپ كەلدىم، ئۇنىڭ پاسونى يەنىلا «سەپتىن چۈشۈپ قالمىدى».

يىل ئاخىرىدا يەنە يېزىلارغا سوتسىيالىستىك تەربىيىگە چۈشۈرۈش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋاڭ مېڭنىڭ ئىسمىمۇ بار ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تۇتاش كۇرسقا قاتناشتى. بىراق كېيىن ئۈچ ئادەمنىڭ «سالاھىيىتى توشمايدۇ»، ئۇلار سوتسىيالىستىك تەربىيىدە كادىر بولۇشقا بولمايدۇ، «قايتۇرۇلسۇن» دەپ خەۋەر كەلدى. بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ بىرىنچىسى رەسسام بولۇپ، چەت ئەل بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىدى؛ ئىككىنچىسى بىر ئۇيغۇر ئايال بولۇپ، «شيۇجېڭجۇيىگە قارشى تۇرۇش» (رېۋىزىيونىزمغا قارشى تۇرۇش) كۇرىشىدە مەسىلىسى بار ئىدى؛ ئۈچىنچىسى، «چوڭ ئوڭچىل» ۋاڭ مېلىڭ ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا يېزىلارغا سوتسىيالىستىك تەربىيىگە چۈشۈشتە شەرت ئىنتايىن قاتتىق، تەلەپ بەك جاپالىق ئىدى، بىراق ۋاڭ مېڭغا ئوخشاش بۇنداق تېۋى بار ئادەملەر تۆۋەنگە چۈشۈپ بىر نەچچە ھەپتە چېنىققانغا ھېچنېمە بولمايتتى.

بارمىسامۇ بولىدۇ، بۇ ماڭا نىسبەتەن يامان ئىش ئەمەس دەپ ئويلايتتى ئۇ. بىراق ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم چەتكە قېقىلىپ، «باشقا سەپ»كە ھەيدىۋېتىلىشى بىزنى يەنە شۇنداق گاڭگىرىتىپ قويدى.

ئەلۋەتتە، يەنە نۇرغۇن ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر ئۇنىڭغا ياردەم قىلساق، ئۇنى قوغداپ قالساق دەيتتى.

ئەينى ۋاقىتتا ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل كىشىلەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مەدەنىي مائارىپقا مەسئۇل شۇجىسى يولداش لىن بۇمىندىن ۋاڭ مېڭنى قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولىدۇ دەپ يوليورۇق سورىغاندا، ئۇلار مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، مۇنداق بىر ئۇسۇلنى، يەنى شەرت - شارائىتى ياخشىراق يېزىدىن بىرنى تېپىپ، ۋاڭ مېڭنى «ئەمگەك بىلەن چېنىقتۇرۇش» نامىدا چۈشۈرۈپ، ئۇزاق مەزگىل ئۇقتىدا تۇرغۇزۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ خىزمەتلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇشنى ئويلاشتى. مۇشۇنداق قىلغاندا بۇ ھەم ئەمگەك بىلەن چېنىقتۇرۇش خاراكتېرىنى ئالاتتى، ھەم يازغۇچىنى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكتۈرگىلى بولاتتى، شۇنداقلا بىزنى ئائىلە بويىچە شۇ يەرگە كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ، يېزىدا خاتىرجەم بىر نەچچە يىل تۇرغۇزۇش مەقسىتىگە يەتكۈزگەن بولاتتى.

بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالغا نىسبەتەن ئەڭ ياخشى لايىھە ئىدى. بىرىنچىدىن، تۇرمۇشقا چۆكۈشكە، تۇرمۇش ئۆگىنىشكە، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كەڭرەك بىلىم ئىگىلەشكە پايدىلىق ئىدى. بۇ

ۋالڭ مېڭ ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ھاياتى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا بىزنىڭ بېيجىڭدىن ئايرىلىپ شىنجاڭغا كېلىشىمىزدىكى مەقسىتىمىزمۇ مۇشۇ ئەمەسمىدى؟ ئىككىنچىدىن، ۋالڭ مېڭ خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشنى نىيەت قىلغانىدى، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاز - تولا ئۆگەندى، بىراق يېنىدا تەرجىمان بولغاچقا، ئۇنداق تېز ئۆگىنەلمىدى. بۇ قېتىم يېزىغا چۈشۈرۈشتە ئۇنى ئۇيغۇر دېھقانلار ئولتۇراقلاشقان كەنتكە ئاپىرىپ «چۆررۈۋەتسە» مەيلى، نېمىلا بولمىسۇن ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىۋالالايتتى. كېيىنكى يىللاردا ئۇ ئۆز - ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىپ، مەن دېگەن ئالتە يىل «ئىلى تىل ئىنستىتۇتى»نى پۈتكۈزدۈم، بۇ بىر ماگىستىر ئاسپىرانتنىڭ ئوقۇش مۇددىتى بىلەن تەڭ دەيتتى؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇ «شامال»دىن پاناھلىنىپ قالدى. ئۇ چاغدا سىياسىي مۇھىت كۈندىن - كۈنگە جىددىيلىشىپ كەتتى. ۋالڭ مېڭ ئەگەر ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، شەكسىز بىرەر بالا - قازاغا يولۇقاتتى، ئۆز - ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالاتتى. ئۆزىگىلا ئەمەس، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغىمۇ چېتىلىپ قالاتتى. يېزىغا كەتكەندە نىشان كىچىكلەپ، كىملا سورىسا تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى، دەپ جاۋاب بەرگىلى بولاتتى.

ئەمەلىيەتتە، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، «ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنى سوراققا تارتىپ، سىلەر نېمە ئۈچۈن چوڭ ئوڭچىل ۋالڭ مېڭنى شىنجاڭغا يۆتكەپ ئەكەلدىڭلار؟» دېگەن مەزمۇندىكى چوڭ خەتلىك گېزىتلەر چاپلاندى.

شۇڭا، بىز ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن، خۇشال - خۇرام «پارتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ» ئىلىغا كەتتۇق.

بىراق ياخشى نىيەتلىك بىر مۇنچە كىشىلەر بىزگە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئۇ يەرگە بېرىشقا بولمايدۇ، بېرىشقا توغرا كەلسە ئۇ ئۆزى يالغۇز بارسۇن.

— سىزمۇ بىرگە بارىمەن دەۋاتامسىز؟ ئۇ يەر دېگەن چېگرا شەھەر. ھازىر جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىپ قالدى، ئازراق شەپە بار، ئۇ يەر تازا تىنچ ئەمەس.

— ئۈرۈمچى دېگەن مەركەز، سىز نېمىشقا چوڭ شەھەردە قېپقالماي، شۇنچە چەت، يىراق جايغا كېتىسىز؟ ئۇ يەردە خەنزۇلار يوق، ساپ ئاز سانلىق مىللەتلەر.

مېنىڭ باشقا تاللىشىم يوق ئىدى، شۇنداقلا باشقىچە تاللىشىمنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋالڭ مېڭ ئىككىمىز بېيجىڭدىن چوڭ غەربىي شىمالغا كېلىپ، خېلى بۇرۇنلا چوڭ شەھەرلەردە تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن ۋاز كەچكەن ئىدۇق. ئۈرۈمچى بولسۇن ياكى ئىلى بولسۇن بىزگە ئوخشاشلا ئىدى. ئەگەر يەنە بىر نۇقتىدىن كۆزدىتىشكە توغرا كەلسە، ئىلى مىللىي تۈسكە تېخىمۇ باي ئىدى، مېنى ئۆزىگە تېخىمۇ تەلپۈندۈرەتتى. ئەڭ مۇھىمى بىز ئائىلە بويىچە بىرگە تۇرساقلا، جاھاننىڭ ئەڭ چېتىگە كەتسەكمۇ، بىز يەنىلا بەختلىك ئىدۇق.

— بارساق بىرگە بارايلى، بىرگە بارىدىغانلا ئىش بولسا نەگە بارساق بولۇۋېرىدۇ، — دېدىم مەن.

ۋالڭ مېڭ گېپىمنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ ئازابلىق بىر كۈلۈپ قويدى.

ئىلىغا كېتىشىمىزمۇ ئۇنداق ئاسانغا توختىمايتتى. ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى يولداش سۇن يەنمىڭ بىلەن ئالاقىلىشىشقا توغرا كەلدى. دەل شۇ چاغدا ئۇ قىزىنى داۋالىتىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كەتكەنىدى. رەھبەرلەر يولدان سۇن يەنمىڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئالاقىلىشەيلى دېدى. بۇ ئۇلارنىڭ تونۇشلار ئارقىلىق ئىش بېجىرسەك ياخشى دېگىنى ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇنى كۈتۈشكە توغرا كەلدى. زېرىكىشلىك ئۇزاق قىش باشلاندى. ھەر شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن زاۋۇتتا ئەمگەككە قاتنىشىشتىن سىرت، ۋالڭ مېڭنىڭ قىلىدىغان ھېچقانداق ئىشى يوق ئىدى. باشقىلارمۇ بۇنىڭغا ھېچقانداق ئامال قىلالمايتتى. بۇ چاغدا كۈتمەكتىن باشقا ئىش يوق ئىدى. ھازىر خىيال قىلسام، ۋالڭ مېڭنىڭ شۇ چاغدا يازغان مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىرى يادىمغا كېلىدۇ، ئۇنىڭدا مۇنداق مىسرالار بار ئىدى:«ياشلىق تۇيغۇلار، تۇيۇقسىز قانات چىقىرىپ ئۇچاي دەيدۇ، بىراق ئۇچالمايدۇ»، بۇ مىسرالار ناھايىتى ئاددىي، بىراق ئۇ بۇلارنى ھەقىقىي بېشىدىن كەچۈرمىگەن بولسا بۇنى يېزىپ چىقالمىغان بولاتتى. بەزىدە بىز ئۆز - ئۆزىمىزدىن نېمىشقا كۈنلەرنى مۇشۇنداق مەنىسىز ئۆتكۈزىمىز؟ دەپ سورايتتۇق. ئۇ مۇشۇ ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ يېزىقچىلىق قىلسا بولمامدۇ؟ ياكى بىرەر تىل ئۆگەنسە، بىرەر تېما ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارسا

بولامدۇ؟ بۇنداق چاغلاردا مەن ۋاڭ مېڭغا نەسىھەت قىلىپ: «ئۇ ئىشلار بىلەن چاتاقىڭىز بولمىسۇن، ئەسەر ئېلان قىلالمىسىڭىزمۇ قەلەمنى قولىڭىزغا ئېلىڭ!» دەيتتىم. بىراق ئۇ «ياق، ھازىر مەندە ئەسەر يازغۇدەك ئۇنداق كەيپىيات، ئۇنداق يۈرەك يوق» دەيتتى. ئۇ كىچىكىدىن پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ، پارتىيە ئۇنى ئۆزگەرسۇن دېگەندىكىن ئۆزگىرىدۇ؛ پارتىيە xx نى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ دېسە، xx نى ئىشلىتىشتىن قورقىدۇ، ئىشلىتىشنى خالىمايدۇ، ئىشلىتەي دېمەيدۇ. بۇ سىياسىينىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئادەمنى كېرەكتىن چىقىرىشى بولۇپلا قالماي، شەخسنىڭ ئۆز-ئۆزىنى كېرەكتىن چىقىرىشى ئىدى. بۇ ئاشۇ يىللاردىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى!

ئەلۋەتتە ئادەم ھامان ئۆزىنى نابۇت قىلىشنى خالىمايدۇ. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ئىسەنكىرەش ۋە گاڭگىراشتىن باشقا يەنە ئىشەنچ، شادلىق ۋە خىلمۇخىل يېڭى تەجرىبىلەر بار ئىدى...

بۇ ئارىلىقتا مەن ئۈرۈمچى 7-ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا يۆتكەلدىم. بىز 7-ئوتتۇرا مەكتەپتىن بىر يۈرۈش ئۆي ئېلىشنى ئىلتىماس قىلماقچى بولدۇق. چۈنكى مەكتەپنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغاندا ماڭا كۆپ قولايلىق بولاتتى، ۋاڭ مېڭمۇ «شەيتان» قىياپىتىدە ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى يولداشلار ھەم قولۇم-قوشنىلارنىڭ كۆزىدىن نېرى بولاتتى.

مەن ئۆي ئېلىش سەۋەبىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغىچە، مەكتەپ بىزگە ئۈچ ئېغىز ئۆي بېرىشكە قوشۇلۇپ بولدى. بىز بەك ھەيران بولدۇق، چۈنكى بىز ناھايىتى ئاسانلا ئۆيگە ئېرىشۋالغان ئىدۇق. ئەگەر بېيجىڭدا بولغان بولساق، بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلسىمۇ ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيگە ئېرىشەلمەيتتۇق. كۆچىدىغان كۈننى بېكىتكەندىن كېيىن، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ماشىنا ئەۋەتتى. جاڭ ئۇستام (شوپۇر) نەرسە-كېرەكلىرىمىزنى يېڭى ئۆينىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ چۈشۈرۈپ قويدى.

بىز بۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ، لاغا-لۇقىلارنى ئەكىرىشىمىز بىلەن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدۇق.

بۇ ئۆي ئۇششاق بالىلارنىڭ پوق لاتىسى بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. ئورۇندۇق، ئۇستەل، كارىۋات، ساپالار كۆز بىلەن كۆرگۈسىز مەينەت بولۇپ كېتىپتۇ. ئۆينىڭ ئاستىغا خىش يېپىشتۇرۇلمىغاچقا، ئولتۇرۇشۇپ، ئويمان-دوڭغۇل بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئۈچ ئېغىز ئۆي مۇشۇ قاتاردىكى ئۆيلەرنىڭ ئەڭ چېتىگە جايلاشقاچقا، تازا شامال ئېغىزىغا توغرا كېلىپ قاپتۇ. ئەسلى بۇ ئۆيگە ھېچكىم كۆچۈپ كىرىشنى خالىمىغان ئىكەن. يولداشلار سۆز-چۆچەك قىلىشىپ كەتتى:

— سىلەر بۇ ئۆيدە قانداق تۇرىسىلەر؟

— ئۆينى كۆرۈپ باقمىغانمىدىڭلار؟

— ھېچقىسى يوق! - دېدۇق ۋاڭ مېڭ ئىككىمىز تەڭلا.

— شىنجاڭدا نەدە سىلەرگە ئوخشاش بۇنداق ئۆينى كۆرمەيلا كۆچىدىغان ئىش بولسۇن، — دەيتتى ياردەمگە كەلگەن دوستلار بىزدىن ئاغرىنىپ.

ھازىر شۇ ئىشلارنى ئەسلىسەك، شۇ يىللىرى بىز بەكلا ساددا، بەكلا سەبىي ئىكەنمىز؛ گەرچە تۇرمۇشتا نۇرغۇن سوروقچىلىقلارنى تارتىپ، نۇرغۇن تاسقالغان بولساقمۇ، ئەمما گوددەك، ساددىلىقىمىزنى يىتتۈرۈۋەتمەي ئۆزىمىزگە ھەمراھ قىلىپ كەپتىمىز. ھازىر تۇرۇپ بەزى چاغلاردا ئاشۇ گوددەك، ساددا دەۋرلىرىمىزگە قايتقۇمىز كېلىدۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ ئۆيگىمۇ كۆنۈپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن يىراق شەرقىي شىمال يېزىسىدىكى بىزگە قۇدا بولغۇچى چوڭ ئاپىمىزنى بالىلارنى بېقىشىپ بېرىشكە چاقىرىپ ئەكەلمەكچى بولدۇق.

تاكى ھازىرغا قەدەر مۇنداق ئىككى ئىشنى خىيال قىلساقلا ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئەيىبلەيمىز. بىرى، بۇ چوڭ ئاپىمىزغا پەقەت يۈز كېلەلمەيمىز. بىز ئۇنىڭغا پويىزنىڭ كارىۋاتلىق ئورنىدا يېتىپ كېلىڭ دەپ ئەۋەتكەن پۇلنى ئۇ خەجلەشكە كۆزى قىيماي، شەرقىي شىمالدىن ئۈرۈمچىگە پويىزنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ كەپتۇ. ئۇ يىلى ئۇ 70 ياشتىن ئاشقان بولۇپ كەلگىچە بەكلا قىينىلىپتۇ. تېجەپ قالغان پۇلغا قارا مەخمەلدىن چاپان تىكتۈرۈپ كىيىپتۇ. ئۇ مۇنداق قارىماققا ناھايىتى ھاللىق كۆرۈنەتتى. بىزنى ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، بىز سائەتنى خاتا بىلىۋاپتۇق. پويىز ئىستانسىسىنىڭ بېيجىڭ ۋاقتىنى ئۈرۈمچى ۋاقتى (بېيجىڭ ۋاقتىدىن ئىككى سائەت كېيىن) دەپ بىلىپ، پويىز ئىستانسىسىغا چىقىپ ئۇنى تاپالمىدۇق. ئۇ پويىزدىن چۈشۈپ بىزنى بىر ھازا ساقلاپ ئامال يوق ئۈچ چاقلىق ھارۋىنى كىرا قىلىپ ئۆزى يېتىپ كەپتۇ.

بىز چوڭ ئاپىمىزنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىمىزنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھېيت، بايرام،

دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئىككى بالىمىزنى ئەگەشتۈرۈپ، چوڭ ئاپىمىزنى «نەنلىيالڭ»غا كىنوغا ئاپىراتتۇق. ئۇ چاغدا ساپلا ئۇرۇش فىلىملىرى قويۇلاتتى، شۇڭا بىز ھەر يەكشەنبىنى ملتىق، پىلىموت، گراناتلار گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلار ئىچىدە ئۆتكۈزەتتۇق، ۋالڭ مېلڭ يەنە ھەمىشە چوڭ ئاپىمىزنىڭ ئائىلە تەزكىرىسىنى يېزىشىپ بېرەتتى، بۇ چاغدا ئۇ ۋالڭ مېڭنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتەتتى.

بىز بۇ ئۆيدە كۆڭۈللۈك بىر چاغاننى كۈتۈۋالدۇق. بۇ بىزنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئۆتكۈزگەن ئىككىنچى قېتىملىق چاغىنىمىز ئىدى. ئىككىنچى يىلى خېلى تەجرىبىلىك بولۇپ قالدۇق، چۈنكى دەسلەپكى يىلى يەنى چاغاننىڭ بىرىنچى كۈنى چۈشتە ئۆيدە ئۇخلاپ ياتساق، ئۆيگە تۈركۈم - تۈركۈم ئادەملەر ھېيتلاپ كىرىپ، بىزنى بەك خىجالەت قىلىۋەتكەن ئىدى. شۇڭا بۇ يىل بىز ئۈستەلگە ھېيتلىق تاتلىق - تۈرۈم، شىمشىكا، پۇرچاق قاتارلىق يەل - يېمىشلەرنى بالدۇرلا تىزىۋەتتۇق. يەنە ئازراق قىزىل هاراق ۋە پارچە هاراقمۇ تەييارلاپ قويدۇق. ئىلگىرىكى يىلغا ئوخشاش ھېيتلايدىغانلارنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلمىدى، توپ - توپ بولۇپ ھېيتلاشتى.

چاغاننىڭ ئىككىنچى كۈنى، ۋالڭ مېلڭ ئىككى بالىنى ئېلىپ بېيجىڭلىق يۇرتدىشىمىز، شائىر ۋە دراماتورگ لىۇ جاچىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا كەتتى. بىزنىڭ ئىككى بالىمىز ئۇلارنىڭ ئۆيىدە قىن - قىنىغا پاتماي ئويناپ، بىردەم ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ قاچىدىكى قورۇمىلارغا قوللىرىنى تىقسا، بىردەم بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۈستەلدىكى هاراق، قورۇمىلارنى ئۆرۈۋەتكىلى تاسلا قاپتۇ. يولداش لىۇ جاچىنىڭ ئايالىغا «ئوڭچىل» قالپىقى كىيدۈرۈلگەچكە، خىزمىتى ئورۇمچىدە ئەمەس ئىدى، لىۇ جاچى بىزنى مېھمان قىلىمىز دەپ بېلىق سېتىۋېلىشقا ئۆچىرەتتە تۇرۇپ پاختىلىق چاپىنىنى يىرتىۋېتىپتۇ.

بىر كۈنى تازا قاتتىق بوران چىقىۋاتقاندا، ۋالڭ مېلڭ بالىلارنى خەت - چەك بۆلۈمىدىن گېزىت ئەكىلىڭلار دېدى، ئۇنىڭ مەقسىتى بالىلارنى بوراندا بىر چېنىقتۇرۇش ئىدى. بىز تۇرىدىغان قورۇ بىلەن خەت - چەك تارقىتىش بۆلۈمىگە ئازراق ئارىلىق بار ئىدى. گېزىت ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، بوران ئېغىزىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بوراننىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ئادەم ئورنىدا تۇرالمايتتى. ئەمما ۋالڭ مېلڭ تۆت ياشلىق شى ئىرنى گېزىت ئەكەلگىن دەپ چىڭ تۇردى.

— ئاغزىڭنى چىڭ يۇمۇپ، بار كۈچۈڭ بىلەن ئالدىڭغا يۈگۈر، — دېدى ئۇ.

كىچىك ئوغلىمىز بوران بىلەن قەيسەرلەرچە ئېلىشىپ ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنداپ كەلدى.

ئۇ قېتىم ۋالڭ مېلڭ بالىلارنىڭ ئالدىدا غالىبلارچە گىدىيىپ بىر كۆرەڭلىۋالغانىدى.

قىش پەسلىدە ئۈرۈمچىدە قار پاختەكتەك - پاختەكتەك چۈشەتتى. ئۆگزە، دەل - دەرەخ، دۆڭلۈكلەرنىڭ ھەممىسى ئاپئاق قار بىلەن چۈمكىلەتتى. ئىشىكنىڭ ئالدىغا قارلار دۆۋىلىنىپ كېتەتتى، ئىشىكنى تېشىغا كۈچەپ ئىتتىرمىسە ئېچىلمايتتى. بۇ قار ئېتىشىپ ئويناشتىكى بىر ياخشى پۇرسەت ئىدى.

30 ياشلىق ۋالڭ مېلڭ ئالتە ياشلىق ۋە تۆت ياشلىق ئىككى ئوغلى بىلەن قار ئېتىشىپ ئوينايتتى. ئۇ ئاۋۋال بالىلارغا قارنى دومىلىتىپ ئويناشنى ئۆگىتەتتى. ۋالڭ مېلڭ ئىككى قولىدا قارنى پومىلاپ، ئۇنى قارنىڭ ئۈستىدە ئاستا - ئاستا دومىلىتىپ، يوغان - يوغان قار توپلارنى ياساپ، شۇنىڭ دالدىسىدا قار ئېتىپ «جەڭ» قىلىپ ئوينايتتى، ئۇلارنىڭ ئويۇنى شۇنداق قىزىپ كېتەتتىكى، چاقىرمىغىچە ئۇلار «جەڭ»نى توختاتمايتتى.

ئۈرۈمچىدە ياز بەك كېچىكىپ كېلىدۇ. بىزنىڭ ئۇزاق، زېرىكىشلىك قىشنى چىقارغۇچە هالىمىز قالمايتتى، ۋالڭ مېڭنىڭ ئادەتتە كەيپىياتى يامان ئەمەس ئىدى، ئەمما تۇرۇپ - تۇرۇپ ئاشقازىنىنىڭ ھەزىم قىلىشى تازا ياخشى بولماي قالاتتى، جۇڭگو تېبابىتىدىن ئاشقازاننىڭ ھەزىمنى ياخشىلايدىغان نۇرغۇن دورىلارنى ئېلىپ ئىچكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولمىدى، بىر كۈنى شاڭخەيدىن كەلگەن بىر دوختۇر ۋالڭ مېڭنى تونۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات ھەققىدە چوڭقۇر پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ۋالڭ مېلڭ بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ، ئۆيگە كېلىپ ئۇ ئىككىمىزنىڭ مىجەزى ئاجايىپ كېلىشىدىكەن، دېدى.

(بۇ ماقالە «ۋالڭ مېلڭ ئەپەندى بىلەن بىللە» دېگەن كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى)

(فالڭ رۇي خانىم ۋالڭ مېلڭ ئەپەندىنىڭ ئايالى بولىدۇ)

شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىدە)



# ئەنئەنىۋى تائام - ئۇماچ



ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

ئۇماچ ــ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئىستېمال قىلغان تائاملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ نان ۋە باشقا خېمىردىن قىلىنىدىغان تائاملار تېخى بارلىققا كەلمەستە كىشىلەر بۇغداي، تېرىق، ئارپا، قوناق، چۈجگۈن قاتارلىقلارنى ئىپتىدائىي يارغۇنچاقلاردا ئېزىپ يېرىك ئۇنغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى سۇدا چېلىپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلغان ئەڭ قەدىمكى ئۇنلۇق تائام ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار تېخى ئۇنلۇق زىرائەتلەرنى بايقاپ، ئۇنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ، ئىپتىدائىي يارغۇنچاقلاردا ئۇن تارتىپ، خېمىر يۇغۇرۇپ ئاش-نان قىلىپ يېگىچە بولغان ئارىلىقتا، نەچچە ئەسىرلەرگىچە بىردىنبىر ئۇنلۇق تائام بولغان ئۇماچنى ئۇزاق زامانلار ئىستېمال قىلغانلىقى تارىخىي جەھەتتىن ھەقىقەت.

ئۇماچ ــ بۇغداي، قوناق ، تېرىق، ئارپا ئۇنىدا ئېتىلىدۇ. ئۇ مەيلى قانداق ئۇندا ئېتىلسۇن، ئۇن ئالدى بىلەن قازاندىكى سوغۇق سۇغا تەكشى چېلىنىپ، ئاندىن سۇس ئوتتا قاينىتىلىدۇ. ئۇن چېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، چۆمۈچ بىلەن پىشقىچە پات-پات قوچۇپ تۇرۇلىدۇ. ئۇماچقا ھەر ئائىلە ئۆزىگە ماس ھالدا گۆش، چاۋا ياغ، قۇيرۇق، چىگىدەك، چامغۇر، كاۋا، پىياز، سەۋزە، بەرەڭگە، جىگدە، غورا، قاق-گۆلە، مېغىز، ماش-پۇرچاق قاتارلىق خۇرۇچلارنى سېلىپ ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بۇ ئادەت ھازىرمۇ يۇرۇڭقاش، تارىم، تۇرپان، قومۇل، ئىلى ۋادىلىرىدا ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى تۇرمۇشىدا بىر خىل ئېتنىك ئەنئەنە تەرىقىسىدە ئىزچىل ساقلىنىپ كەلگەنلىكى ھەممىگە ئايان.

ئۇيغۇر خەلقى بولۇپمۇ يېمەك-ئىچمەك، تائام جەھەتتە روشەن خاسلىقنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇر تائاملىرى ئىچىدە 3000-4000 يىللىق تارىخقا ئىگە ئۇماچنى مىسالغا ئالساق، ئۇماچ گەرچە گۆش، پولۇ، شورپا، مانتىلاردەك مېھمان ھۆرمىتىگە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھاردۇق چىقىرد-

نىغان، ئىسسىق باسىدىغان، ئىشتىھانى ئاچىدىغان، مىزاج تەڭشەيدىغان، ھەتتا بەزى ئاغرىق كېسەللەرگە شىپا بولىدىغان نۇرغۇن خاسىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن قەدىمدىن ھازىرغىچە سورۇنلاردا تەرىپلىنىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئۇماچنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى، ئۇ ئۇن، تۇز، ياغ، گۆش ھەر خىل كۆكتات ۋە باشقا دورىلىق خۇرۇچلار بىلەن تەييارلىنىدىغان بولغاچقا، شۇ ئائىلە ئەزالىرى ياكى ھەمداستىخانلارنىڭ تەلپىگە خاس تەم - خۇرۇچلار بىلەن تەييارلاشقا قۇلايلىقلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئىشتىھاسى تۇتۇلغانلار، مىزاجى يوقلار، ئىسسىق باسمىغانلار، ئاشقازىنى ئېغىر تاماقلارنى كۆتۈرەلمەيدىغانلار ۋە بەزى كېسەلمەنلەر تەشنا بولۇپ ئىستېمال قىلىدىغان بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ۋە ئارزۇلاپ ئىستېمال قىلىدىغان دائىملىق داۋائىي غىزا بولۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە دائىر تارىخىي ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغاندا، ھەر خىل خۇرۇچلۇق ئۇماچلار يەنە كېسەل داۋالاشتىكى داۋائىي غىزائى (ئالدى بىلەن داۋالاش رولىنى ئويناپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوزۇقلۇق رولىنى ئوينايدىغان داۋالىق غىزا) بولۇپ خىزمەت قىلدۇرۇلغان. مەسىلەن، ھەر خىل خۇرۇچلۇق ئۇماچلارنىڭ خۇرۇچلىرى بولغان ئۇن، گۆش، ياغ، تۇز، چىگدەك، كاۋا، چامغۇر، سەۋزە، ماش - پۇرچاق، قاق - گۆلە، جىگدە، بەرەڭگە، غورا، مېغىز قاتارلىقلارنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، داۋالاش رولى، پايدا - زىيىنى، ئىستېمال قىلىش قېتىم سانى، مىقدارى، تەسىرى قاتارلىق جەھەتلەردىن تېۋىپ شۇ كېسەل كىشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ھەر خىل ئۇماچلارنى پات - پات ئىستېمال قىلىش تەرتىپلىرىنى بېكىتكەن. ھەرخىل خۇرۇچلۇق ئۇماچلارنىڭ خۇرۇچلىرىنى كېسەلگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ تەڭشەش ۋە پەرھىز بۇيرۇش ئارقىلىق كېسەللىكنى شىپا تاپقۇزغان. بۇنداق ھەر خىل خۇرۇچلۇق ئۇماچلار بىلەن كېسەل داۋالاش ئادەتلىرى تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى بوستانلىق ۋادىلاردا ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر دېھقانلار تۇرمۇشىدا بىر خىل ئېتنىك ئەنئەنە سۈپىتىدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىز بىلىمىز.

بۇنىڭدىن 700 يىل بۇرۇن يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ باش داستىخانچىسى ۋە تائام تەييارلاش ئۇستازى بولۇپ ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپ ۋە ئوزۇقلۇقشۇناس قوسقوي دەل مۇشۇنداق ھەر خىل خۇرۇچلۇق ئۇماچلار بىلەن ساقلىق ساقلاش ـــ كېسەل داۋالاشنى تەتقىق قىلغان ئۇيغۇر ئالىمى ئىدى①. ئۇ موڭغۇل ئوردىسىدا خان - پادىشاھلار، ۋەزىر - ۋۇزرالار، خان جەمەتىنىڭ كۈندىلىك غىزا تائاملىرىنى تەييارلاش، تائام تۈزىنى، تەمىنى، دورا - دەرمەك خۇرۇچلىرىنى تەڭشەش جەھەتتىكى مول تەجرىبىسى ۋە كامالەتكە يەتكەن تېبابەت - دوردگەرلىك جەھەتتىكى ئەمەلىي بىلىمىگە ئاساسەن يېزىپ چىققان «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» ناملىق ئۈچ جىلدلىق كىتابىدا ھەر خىل خۇرۇچلۇق ئۇماچلار ۋە ئۇنىڭ ساقلىق ساقلاش، كېسەل داۋالاشتىكى شىپالىق رولى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى نۇقتىسىدىن ناھايىتى ئەتراپلىق، تولۇق بايان قىلىنغان. ئۇ «شىپالىق تائاملار دەستۇرى»نىڭ بىرىنچى جىلدى بولغان «ئېسىل تائاملار» بابى بىلەن ئىككىنچى جىلدى بولغان «شىپالىق قايناتمىلار» بابىدا ئۇماچ ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازغان:

**چىما ئۇمىچى**

تال، ئاشقازاننى، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

قوينىڭ سان گۆشىدىن بىر ئۇلۇش ئېلىپ، شورپا تەييارلاپ سۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئېسىل سورتلۇق تېرىقتىن ئىككى كىلوگرام ئېلىپ شورپىغا سېلىپ، ئاندىن ئۇششاق توغرالغان قوي گۆشى، پىياز، تۇز سېلىپ قاينىتىپ ئۇماچ قىلىنىدۇ، تېرىقنىڭ ئورنىغا ئىنچىكە غوللۇق گۈرۈچ ئىشلىتىلسىمۇ بولىدۇ.

**شورپا ئۇمىچى**

تال، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، بۆرەك قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

قوينىڭ سان گۆشىدىن بىر ئۇلۇش ئېلىپ، ئۇششاق توغراپ، پىشۇرۇلۇپ شورپا تەييارلىنىدۇ. شورپىغا ئەلا سورتلۇق تېرىقتىن ئىككى كىلوگرام سېلىپ قاينىتىپ ئۇماچ قىلىنىدۇ. پىياز، تۇز بىلەن تەم تەڭشەپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. تېرىقنىڭ ئورنىغا ئىنچىكە غوللۇق گۈرۈچ ئىشلىتىلسىمۇ بولىدۇ.

**ئەلا سورتلۇق تېرىق ئۇمىچى**

تال، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، كەيپىياتنى ئۇڭشايدۇ.

ئەلا سورتلۇق تېرىقتىن ئىككى كىلوگرام ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ، سۈزۈۋالغاندىن كېيىن تېرىقنى يانجىپ، شورپىغا سېلىپ، ئۇماچ تەييارلاپ ئىستېمال قىلىنىدۇ، تېرىقنىڭ ئورنىغا ئىنچىكە غوللۇق گۈرۈچ ئىشلىتىلسىمۇ بولىدۇ.

## سۆك ئۇمىچى

تال، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، كەيپىياتنى ئوڭشايدۇ.

قوينىڭ سان گۆشىدىن بىر ئۇلۇش ئېلىپ پىشۇرۇپ شورپا تەييارلاپ، گۆشنى سۈزۈۋالغاندىن كېيىن ئىككى كىلوگرام سۆكنى پاكىز ئاقلاپ، ئۇششاق توغرالغان گۆش، پىياز، تۇز بىلەن بىللە شورپىغا سېلىپ، قاينىتىپ ئۇماچ تەييارلىنىدۇ.

## ئالقات ــ قوي بۆرىكى ئۇمىچى

باھ ئاجىزلىق، بەل ـ پۇت ئاغرىش، ماغدۇرسىزلىق قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئالقات يوپۇرمىقى بىر جىڭ، بۆرەك ئىككى جۈپ، ئۇششاق توغرىلىدۇ. سۇڭپىياز غولى بىر تال، قوي گۆشى يېرىم جىڭ قورۇلىدۇ. يۇقىرىقىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ دورا ـ دەرمانلار بىلەن بىللە قايناتقاندىن كېيىن، گۈرۈچ سېلىپ ئۇماچ تەييارلاپ ئاچ قورساققا ئىچىلىدۇ.

## پېچەكگۈل بۇغداي ئۇنى ئۇمىچى

ھەرخىل كېسەللىكلەردىن بولغان ماغدۇرسىزلىق، سوغۇقلۇق ئىللىتىدىن مەيدە، قورساققا سانجىق تۇرۇۋې-لىش، يىلىك زەخىملىنىشلەرنى داۋالايدۇ.

سۆڭەكلىك قوي گۆشى بەش ـ ئالتە پارچە، تۇرۇپ بىر دانە يالپاقلىنىدۇ. سۇڭپىياز غولى بىر، قاقلە بەش دانە، ئاپېلسىن پوستى (ئاق يېپچىلىرى ئېلىۋېتىلىدۇ) بىر مىسقال، خولىنجان بىر مىسقال، قارىمۇچ ئىككى مىسقال، توكلۇك قاقلە ئىككى مىسقال. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بىللە قاينىتىپ شورپا تەييارلاپ، سۈزۈۋالغاندىن كېيىن پې-چەكگۈل ۋە ئىككى جىڭ بۇغداي ئۇنىدا خېمىر يۇغۇ-رۇپ، چۆچۈرە تۈگۈپ شورپىنىڭ تەمىنى تەڭشەپ، ئاچ قورساققا ئىچىلىدۇ.

## پېچەكگۈل ئۇمىچى

ماغدۇرسىزلىق، سۆڭەك قىزىش كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

قوينىڭ قارا گۆشىدىن بىر جىڭ، پېچەكگۈلدىن بىر جىڭ ئېلىپ، يۇمشىغىچە قايناتقاندىن كېيىن، شورپىغا 300 گرام گۈرۈچ سېلىپ قاينىتىپ، ئۇماچ تەييارلاپ ئاچ قور-ساققا ئىچىلىدۇ.

## دورىلىق چىلان ئۇمىچى

ماغدۇرسىزلىقتىن ئىچى تىتىلداش، ئۇيقۇسىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

دورىلىق چىلاندىن چاي چىنىسىدە بىرنى ئېلىپ، سۇغا چىلاپ سىقىپ شىرنىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا 300 گرام گۈرۈچ سېلىپ قاينىتىپ ئاچ قورساققا ئىستېمال قى-لىنىدۇ.

## خام ئەگرسۇناي ئۇمىچى

ماغدۇرسىزلىق، سۆڭەك قىزىش، تەدرىجىي ئورۇق-لاش، ئىچى تىتىلداش، ئۇيقۇسىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

خام ئەگرسۇناي شىرنىسى 100 گرام، دورىلىق چىلان شىرنىسى ئىككى چىنە، بۇلارنى بىللە قاينىتىپ بىر قانچە قېتىم ئۆرلەتكەندىن كېيىن 300 گرام گۈرۈچ سېلىپ بىللە قاينىتىپ ئاچ قورساققا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## پىلپىل ئۇمىچى

تال، ئاشقازان ئاجىزلاش، مەيدە، قورساق سوغۇق-تىن ئاغرىش، ئىچى تىتىلداش، تاماق سىڭمەسلىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

پىلپىل بىر سەر، قارىمۇچ بىر سەر، دارچىن بەش مىسقال. بۇلارنى تالقانلاپ ھەر قېتىمدا ئۈچ مىسقال ئېلىپ، ئۈچ چوڭ چىنە سۇغا ئېچىتىلغان پۇرچاق شىرنە-سىدىن 50 گرام سېلىپ قايناتقاندىن كېيىن تىرپىنى ئېلى-ۋېتىپ، 300 گرام گۈرۈچ سېلىپ قاينىتىپ ئاچ قورساققا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## خولىنجان ئۇمىچى

تال، ئاشقازان سوغۇقتىن ئاغرىش، بەلغەم خىلتى-دىن بولغان تاماق سىڭمەسلىك ئالامەتلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

تالقانلانغان خولىنجان يېرىم سەر، ئىنچىكە غوللۇق گۈرۈچتىن 300 گرام ئېلىنىدۇ، ئالدى بىلەن خولىنجاننى ئۈچ ئاپقۇر سۇدا ئىككى ئۇلۇش قالغۇچە قاينىتىپ، تىرى-پىنى سۈزۈۋەتكەندىن كېيىن گۈرۈچنى سېلىپ قاينىتىپ ئىچىلىدۇ، تەجرىبىدىن ئۆتكەن.

## ئۈۋدىيە ئۇمىچى

ئاشقازاننىڭ سوغۇقى ئېشىپ كېتىش، بېقىنىغا

سوغۇق يەل تۇرۇۋېلىپ ئاغرىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئۇۋدىيىدىن يېرىم سەر ئېلىپ يۇيۇپ، شىرنىسىنى چىقىرىۋېتىپ، قورۇپ قۇرۇتۇپ تالقانلاپ، 300 گرام گۆرۈچ بىلەن قايىنىتىپ ئۇماچ تەييارلاپ ئاچ قورساققا ئىچىلىدۇ.

### تۇرۇپ ئۇمىچى

ئۇسساش، تىل، ئېغىز قۇرۇش، كۆپ سىيىشلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

تۇرۇپتىن بەش دانە ئېلىپ قايىنىتىپ، سىقىپ شىرنىسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئىنچىكە غوللۇق گۆرۈچىدىن ئۈچ ئۇچۇم سېلىپ قايىنىتىپ ئۇماچ قىلىپ ئىچىلىدۇ.

### سېمىز ئوت ئۇمىچى

پۇت تەمرەتكىسى، باشتىكى سۇلۇق ئىششىق، مەيدە، قورساق كۆپۈش، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشلەرگە شىپا بولىدۇ.

سېمىز ئوتنى يۇيۇپ، شىرنىسىنى چىقىرىپ، ئىنچىكە غوللۇق گۆرۈچ بىلەن قايىنىتىپ ئۇماچ تەييارلاپ، ئاچ قورساققا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### بۇغداي ئۇمىچى

ئۇسساش، ئېغىز قۇرۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

بەلگىلىك مىقداردىكى بۇغداينى ئېلىپ پاكىز يۇيۇپ، قايىنىتىپ ئۇماچ تەييارلاپ ئاچ قورساققا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### جۇلاغ ئۇمىچى

سەكتە، تىلى كالۋالىشىش، دېۋەڭلىك، ئېغىز، يۈز مايماق كېتىشلەرگە پايدا قىلىدۇ.

جۇلاغ پۆپۈكى بىر سەر، يالپۇز يوپۇرمىقى بىر سەر، ئېچىتىلغان پۇرچاقتىن 150 گرام، ئاق تېرىقتىن 150 گرام ئېلىپ، ئاق تېرىقتىن باشقا دورىلارنى تۆت لىتىر سۇدا قايىنىتىپ سۈزۈپ، ئاندىن ئاق تېرىقنى سېلىپ قايىنىتىپ ئۇماچ تەييارلاپ ئاچ قورساققا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### كەندىر ئۇرۇقى ئۇمىچى

سەكتە، ئىچكى ئەزالاردىكى ئىسسىق يەل، تىلى كالۋالىشىش، پۇت - قول پالەچلىنىش، چوڭ ئۈچەي توسۇلۇشلارغا پايدا قىلىدۇ.

قىشلىق كەندىر ئۇرۇقى ئىككى سەر (قورۇپ شۆپكى چىقىرىۋېتىلىپ يانجىلىدۇ). ئاق تېرىق 300 گرام، يالپۇز يوپۇرمىقى بىر سەر، جۇلاغ پۆپۈكىدىن بىر سەر ئېلىپ، ئالدى بىلەن يالپۇز ۋە جۇلاغ ئۈچ لىتىر سۇدا قايىنىتىلىپ، سۈزۈلگەندىن كېيىن ئاق تېرىق ۋە كەندىر ئۇرۇقى سېلىنىپ قايتا قايىنىتىپ، ئۇماچ تەييارلاپ ئاچ قورساققا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى ھەر خىل خۇرۇچلۇق ئۇماچلار تونۇشتۇرۇلغان تارىخىي ئەسەر گەرچە 700 يىللار ئىلگىرى يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما قوسقوي ئۆزىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇيغۇر تېۋىپ - دورىگەرلەرنىڭ تەجرىبە ۋە رېتسېپلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان.

«شىپالىق تائاملار دەستۇرى»دىن ئېنىق بىلىنىپ تۇرۇپتىكى، ئەجدادلىرىمىز مىلادىيىدىن خېلى بۇرۇنلا ھايۋان گۆشلىرى، مايلىرى، ئىچكى ئەزالىرى، ئەتراپىدا ئۆسىدىغان ھەر خىل دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر، مېۋە - چېۋىلەر، ھەر خىل ئۆي قۇشلىرى ۋە ئۇچار قاناتلار قاتارلىقلارنىڭ شىپالىق رولى، تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، شىپا بولىدىغان كېسەللىرى، بەدەنگە تەسىرى قاتارلىقلارنى بايقاپ، ئۇلارنى ئۇماچقا ئارىلاشتۇرۇش بىلەن ساقلىق ساقلاپ كېسەل داۋالاپ كەلگەن.

ئەجدادلاردىن مىراس قالغان ئۇيغۇر تېبابىتى ۋەسىقىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئادەملەرگە كېرەكلىك ئوزۇقلۇقلار ئۈچ تۈرلۈك مەنبەدىن كېلىدۇ. بىرىنچى، ھايۋانلاردىن كېلىدۇ. مەسىلەن، گۆش، ياغ، تۇخۇم، سۈت قاتارلىقلار؛ ئىككىنچى، ئۆسۈملۈكلەردىن كېلىدۇ. مەسىلەن، بۇغداي، گۈرۈچ، قوناق، مايلىق دان، ئۈزۈم، ياڭاق، ھەرخىل پۇرچاق، مېۋە، كۆكتاتلار؛ ئۈچىنچى، كان - مەدەنلەردىن كېلىدۇ. مەسىلەن، ھەرخىل تۇزلار، شاخارلار، ھاك، فوسفور قاتارلىقلار. بۇ ئوزۇقلۇق ماددىلىرى مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن بەدەنگە كىرسە ھەم ئۆزلەشسە، بەدەننى نورمال ھاياتىي پائالىيەتلەر داۋامىدا زۆرۈر بولغان ئوزۇقلۇق ماددىلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ماددىلار بەدەندە گۆش پەيدا قىلغۇچى ماددىلار(مەۋادى مولەھھىمە)، ياغ پەيدا قىلغۇچى ماددىلار(مەۋادى شەھمىيە)، شېكەر ۋە نىشاستە پەيدا قىلغۇچى ماددىلار(مەۋادى ئەرزىيە ۋە نەمكىياتلار)، سۇلار دەپ بەش تارماققا بۆلۈنىدۇ②. مانا شۇ مەنبەلەردىن كېلىدىغان ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنىڭ

بەدەندە مۇۋاپىق مىقداردا بولۇشى ساقلىقنى ساقلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بىرى.

يۇقىرىقىدەك ھەر خىل خۇرۇچلۇق ئۇماچلار ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ھازىرقى زامان تىبابەتچىلىكى بارلىققا كېلىشتىن خېلى بۇرۇن ئەمەلىيەت ئارقىلىق يەكۈنلەنگەن بىر خىل مىللىي داۋالاش شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، خىمىيىۋى تەركىبلىك دورىلار كەشىپ قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۇماچ قاتارلىق يېمەك - ئىچمەك تەركىبىگە كىرىدىغان ئوزۇقلۇق ماتېرىياللارنى دورا ئورنىدا ئىشلىتىپ كېسەل داۋالاش ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈپ ئاساس بولغانىدى. بولۇپمۇ 2500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولغان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش تەلىماتلار سىستېمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر خىل خۇرۇچلۇق ئۇماچلارغا ئوخشاش ئوزۇقلۇقنىڭ شىپالىق رولى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن③.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي تىبابەتچىلىك دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇ ئۆزىگە خاس مۇكەممەل، سىستېمىلىق نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە، يەنى تۆت چوڭ ماددا (ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق) نەزەرىيىسى، مىزاج (مۆتىدىل مىزاج ــ ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇق ۋە غەيرىي مۆتىدىل ــ قۇرۇق ئىسسىق، ھۆل ئىسسىق، ھۆل سوغۇق، قۇرۇق سوغۇق) نەزەرىيىسى، تۆت خىلت (سەپرا، قان، بەلغەم، سەۋدا) نەزەرىيىسى، ئەزالار نەزەرىيىسى، قۇۋۋەت نەزەرىيىسى، داۋالاش قائىدە - پرىنسىپلىرى، غىزالىنىشنىڭ كېسەللىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئوزۇقلۇق ۋە ياسالما دورا نۇسخىلىرى ئىلمى ھەققىدە بىر يۈرۈش تەلىماتلىرى بار. ئۇيغۇر تىبابىتىدە كېسەللىكنىڭ مەنبەسى مىزاجنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە تۆت خىلتنىڭ زىددىيىتى دەپ قارىلىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن مىزاجنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشتا ھەر خىل خۇرۇچلۇق ئۇماچلارغا ئوخشاش تۈرلۈك يېمەك - ئىچمەكنىڭ مۇھىم ئامىل بولىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ.

قىسقىسى، قەدىمدىن ھەر خىل نېمەتلەرگە باي، غىزا - تائاملىرى كۆپ خىل ۋە مەشھۇر، يېمەك - ئىچمىكى كەڭتاشا - مەمۇرچىلىق بۇ ئانا دىيار قوينىدا ياشاپ، ئاۋۇپ، جاھانلىشىپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز ھاياتىدا ئۇماچتىن ئىبارەت بۇ كۆپ خىل خۇرۇچلۇق، داۋائىي غىزالىق تائامنىڭ تارىخىي يىلتىزىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇزاقلىقىنى تارىخ - ئارخېئولوگىيە مەنبەلىرى ئىنچىكە دەلىللەپ كەلدى.

يۇقىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي ئىسپاتلار بىلەن تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مىزاج تەڭشەش، ساقلىق ساقلاش، كېسەل داۋالاشتىكى ئەلا غىزايى بولۇپ كەلگەن كۆپ خىل خۇرۇچلۇق ئۇماچلىرى ئىنتايىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بۇ ئەنئەنىۋى غىزا ئۇيغۇرلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئىقلىمى، ياشاش شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئىجتىمائىي ئەمگىكى، كۈندىلىك تۇرمۇشى، يېمەك - ئىچمەك ئادىتى، روھىيىتى، ئالەم قارىشى، ھەتتا قەدىمكى ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ ئېتنىك رىجە - قائىدىلىرىگىچە چەمبەرچاس باغلانغان.

ئىزاھلار:

① ئابلىز مۇھەممەد سايرامىنىڭ «يۈەن سۇلالىسىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر» ناملىق كىتابىنىڭ 185 -، 189 - بەتلىرىدىكى قوسقوي تونۇشتۇرۇلغان ماقالىسىگە قاراڭ، 1991 - يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

②، ③ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، 207 -، 209 - بەتلەر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 - يىل نەشرى.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشتە)


## بىلدۈرگۈ

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ تۈپ تارقىتىش ئىشلىرىنى ئۈرۈمچى ئىزچىلار كىتابخانىسى بېجىرىدۇ. جايلاردىكى شەخسىي كىتابخانىلار ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋاقىپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۈرۈمچى ئىزچىلار كىتابخانىسىنىڭ ئادرېسى:

ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئۇدۇلىدا)

پوچتا نومۇرى: 830001

تېلېفون نومۇرى: 2850601 ـ 0991

«مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى



# مۇزىكا ئىجادىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

پەرھات غۇلام

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەت-سەنئەت كەسپىمۇ قېلىپلاشقان بىر خىل شەكىلدىن رەڭدارلىققا، تۇرغۇنلۇقتىن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا يۈزلەندى، مەدەنىيەت-سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا مۇزىكا ئىجادىيىتىدىمۇ زور يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى ھەم ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرغۇدەك ناتوغرا كەيپىياتلارمۇ ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى.

بۇنداق ناتوغرا كەيپىياتلارنىڭ تۈرتكىسىدە نېرۋىنى بۇزىدىغان، مۇزىكا گۈزەللىكىدىن ئەسەرمۇ يوق، ئىنسان مەنىۋىيىتىگە، سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان بىر قىسىم مۇزىكا ئەسەرلىرى بارلىققا كېلىۋاتىدۇ، بۇ مۇزىكا ئىجادىيەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ، تاماشىبىنلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاۋاتىدۇ، شۇڭا بىز كومپوزىتورلار مۇزىكا ئىجادىيىتىدە چوقۇم تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىلارغا قەتئىي ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

1. مۇزىكا ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاقى، كەسپىي ساپاسىنى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

«سەنئەت — بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجىسى، ئەخلاق — بىر مىللەتنىڭ ئەنگۈشتەرى، سەنئەت خەلقنى تەربىيىلەيدۇ، ئەخلاق ئۆزگەرتىدۇ، سەنئەتكار دېمەك ئوقۇتقۇچى دېمەك»، خەلق بىزگە مانا مۇشۇنداق يۇقىرى باھا بەرگەن ئىكەن بىز چوقۇم ھەرۋاقىت ئۆزىمىزنىڭ ئورنىمىزنى بىلىشىمىز، نېمە ئۈچۈن ئىجادىيەت قىلىمىز، كىم ئۈچۈن قىلىمىز دېگەننى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك، سەنئەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئېلىنىدۇ، بەدىئىيلەشتۈرۈلۈپ كەڭ خەلق ئاممىسىغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر كومپوزىتور ئۆز ئەسەر ئىجادىيىتىدە كەسپىي ئەخلاققا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى، تۇرمۇش چىنلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىشى، ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۈنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىشنى توپ مىزان، ئالدىنقى شەرت قىلىشى كېرەك، شۇنداقلا كەسپىي ساپانى

ئۆزلۈكسىز يېڭىلاشقا، ئۆستۈرۈشكە تىرىششى، ئۆز بىلى-
منى، ئومۇمىي ساپانى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بې-
رىشى كېرەك، چۈنكى بىر مۇزىكا ئەسىرىنىڭ ياخشى -
يامان بولۇشى شۇ كومپوزىتورنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى،
كەسپىي قابىلىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

2. ئىجادىيەتتە سانغا ئەمەس، سۈپەتكە ئەھمىيەت
بېرىش كېرەك.

بىزنىڭ نۇرغۇن كومپوزىتورلىرىمىزدا، ئۆزى ئىجاد
قىلغان ئەسەرلىرىنىڭ سانى بىلەن ماختىنىدىغانلار ئاز
ئەمەس، لېكىن شۇ ئەسەرلىرىنى خەلق سۆيۈپ ئاڭلاي-
دۇ؟ ئاڭلىمىسا نېمە ئۈچۈن ئاڭلىمايدۇ؟ بۇ ھەقتە ئىزدى-
نىدىغانلار ناھايىتى ئاز، ئىزدىنىدىغانلار بار دېگەن تەق-
دىردىمۇ سەۋەبىنىڭ ھەممىسىنى تاماشىبىنلارنىڭ «مەنىۋى
ئېھتىياجى»نىڭ پۇچەكلىشىپ كەتكەنلىكى ياكى رايونىمىز
كىشىلىرىنىڭ مۇزىكىنى چۈشىنىش ھەم ئۇنىڭدىن ھۇزۇر-
لىنىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكىگە ئارتىپ ئۆزىنى ئاقلاي-
دۇ، لېكىن مېنىڭ ئىجاد قىلغىنىم نېمە؟ ئۇ مۇزىكىمۇ؟ مۇ-
زىكا بولسا ئۇنىڭدىكى گۈزەللىك نەدە؟ ئۇ ھەقىقىي ئى-
جادىيەتمۇ ياكى كۆچۈرۈلمىمۇ؟ ئۇنىڭدىكى مېلودىيە گۈ-
زەللىكى نەدە؟ مەن ئەسەر ئىجاد قىلغاندا سەنئەتنىڭ گۈ-
زەللىك، كۆرەشچانلىق، مايىللىقتىن ئىبارەت ئاساسىي
پرىنسىپىغا دىققەت قىلدىممۇ ياكى قىلمىدىممۇ دېيىش
كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرد-
ىغان، ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ياخشى ئەسەرنى ئىجاد
قىلغىلى بولىدۇ.

3. ئىقتىسادنى كۆزلەپ سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىش
كەمچىل.

سەنئەت بېدىكلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بىر قىسىم
كەسپىي ئەخلاقى تۆۋەن ياللانما كومپوزىتورلارنىڭ پەيدا
بولۇشىغا ئەگىشىپ، پۇل ئۈچۈن ئەسەر ئىشلەيدىغان مۇ-
زىكا قانۇنىيىتى، مۇزىكا گۈزەللىكى بىلەن ھېسابلاشمايدى-
غان، خوجايىنى نېمە دېسە شۇ بويىچە بىر نېمىلەرنى ئىش-
لەيدىغان ناچار ئەھۋال كۆپىيىپ قالدى، بۇ ھال باشقا
مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىغا بولغان چۈشەنچىسىنى
ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ئۇيغۇر مۇزىكا ئەسەرلىرىنىڭ
شۆھرىتىگە زور تەسىر يەتكۈزمەكتە، باشقا مىللەت كى-
شىلىرى ئەمەس، ئۆز مىللەت كىشىلىرى ئارىسىدىمۇ
بەزى ئەبجەش نەرسىلەرنى بىزنىڭ دەيدىغان خاتا خا-
ھىشلار پەيدا بولۇپ قالدى، بۇ ياللانما كوم-
پوزىتورلارنىڭ ساختا ئىجادىيەتلىرىنىڭ مەھسۇ-
لىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، شۇڭا دەيدىغىنىم
پۇل تاپماسلىق بولمايدۇ، لېكىن ھەر ئىش
يولى بىلەن بولۇشى كېرەك، بۇزۇشمۇ، پايدى-
لىنىشمۇ يولىدا بولۇشى كېرەك، پۇل ئۈچۈن
ھەممىدىن ۋاز كەچسەك بولمايدۇ. ئىجادىيەت
ساختىلىقنى كۆتۈرمەيدۇ، خەلق ۋاقىتىنچە ئالدان-
غاندەك قىلسىمۇ، ساختا كومپوزىتورلارنىڭ
ئەپت - بەشىرىسىنى ھامىنى بىر كۈنى ئېچىپ
تاشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز كومپوزىتورلار
ئەسەر ئىجادىيىتىدە پۇلنى ئەمەس، كەڭ خەلق
ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى، ھەقىقىي ئە-
سەرنى ئىجاد قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇ-
شىمىز كېرەك، شۇنداق قىلالىساق ئەسەرلىرى-
مىز ئۆلمەس ئەسەرگە ئايلىنالايدۇ، بىزمۇ ھەق-
قىي سەنئەتكارغا ئايلىنالايمىز.



(ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارىم ناخشا - ئۇسسۇل
ئۆمىكىدە)

# يۇمۇرلەر



### پوپنىڭ سۆزى

يېزىغا چۈشكەن بىر پوچتالىيون ۋاپات بوپتۇ. دەپنە مۇراسىمى ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلۈپتۇ، شۇ يەردىكى ھەممە ئادەم مۇراسىمغا قاتنىشىپتۇ. چۈنكى بۇ پوچتالىيون بۇ بىر قانچە يىلدا ئىنتايىن جاپالىق ئىشلىگەن ئىكەن.

پوپ مۇراسىمدا پوچتالىيوننىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىپ مۇنداق مەرسىيە ئوقۇپتۇ:

— قەھرىتان قىشتا، شۇۋرغانلىق كۈنلەردە ئۇ كەلدى، باھاردا يوللار پاتقاق ۋە تېيىلغاق كۈنلەردە ئۇ كەلدى، يازنىڭ تومۇز ئىسسىقىدا ئۇ كەلدى، كۈزنىڭ قاتتىق يامغۇرلۇق كۈنلىرىدە ئۇ كەلدى.

مۇراسىمدىن قايتىپ كېتىۋېتىپ بىر كىشى قوشنىسىغا:

— قوشنام، پوپنىڭ بۈگۈنكى سۆزى بەك تەسىرلىك بولدى - ھە، — دەپتۇ.

— ھە، ياخشى سۆزلىدى. بىراق ئۇنداق ئۇزۇن سۆزلەشنىڭ نېمە ھاجىتى! ئۇنىڭدىن پوچتالىيون تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە كەلدى دېسىلا بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.

### نىسبەتكە قاراپ

ئامېرىكىنىڭ مەلۇم شەھەرلىك ھاۋارايى ئىدارىسى ھاۋارايى مەلۇماتىدا دائىم مۇنداق دەيدىكەن: — ئەتە قاتتىق يامغۇر ياغىدۇ، ئېھتىمال يەتتىدىن ئۈچ نىسبەتتە.

مۇخبىرلار بۇ ئىشنى چۈشىنەلمەي، ھاۋارايى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى زىيارەت قىلىپ بۇ ئىشنى سوراپتۇ.

— ئىدارىمىزدە ئون خىزمەتچى خادىم بار، — دەپتۇ باشلىق، — ئاۋازغا قويغاندا يەتتە ئادەم «يامغۇر ياغىدۇ»غانغا قېتىلىپ، ئۈچ ئادەم قارشى چىقسا، بۇ كۈنكى ھاۋارايى يەتتىدىن ئۈچ نىسبەتتە بولىدۇ.

### قىيامەت كۈنى

پوپ قىيامەت كۈننى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەپتۇ:

— قىيامەت كۈنى قاتتىق چاقماق چېقىپ، دېڭىز سۈيى تېشىپ قاتتىق كەلكۈن كېلىدۇ.

بۇ چاغدا پوپنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بالا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— پوپ ئەپەندى، ئۇ چاغدا مەكتەپتىن بىزنى قويۇپ بېرەمدۇ؟

### نېمە ئالسەن

يىغىپ ساقلىغۇچى، سودىگەر ۋە ئوغرى تەڭلا ئەۋلىياغا يولۇقۇپ قاپتۇ. ئەۋلىيا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

يىغىپ ساقلىغۇچى: — ماڭا دۇنيادىكى بارلىق داڭلىق رەسىملەر كېرەك، — دەپتۇ.

— بولىدۇ. سەنچۇ؟

— ماڭا دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ پۇلى لازىم، — دەپتۇ سودىگەر.

— چاتاق يوق. ئەمىسە ساڭا نېمە كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغرىدىن.

— ماڭا ھېچنېمە كېرەك ئەمەس، پەقەت ئۇ ئىككىسىنىڭ ئادرېسىنى دەپ بەرسىڭىزلا بولدى، — دەپتۇ ئوغرى.

### بىر تەڭگە

ئىنتايىن پىخسىق بىر خوجايىن مالىيى بىلەن بىللە سىرتقا چىقىپتۇ. مالاي خوجايىننىڭ ئالدىدا مېڭىپ يولدا بىر تەڭگە تېپىۋاپتۇ - دە، ئاستا ئۇنى يانچۇقىغا ساپتۇ. خوجايىن بۇنى كۆرۈپ مالىيىغا:

— سەن مالاي تۇرۇپ مېنىڭ ئالدىمدا ماڭساڭ قانداق بولىدۇ؟ — دەپ تىللاپتۇ. مالاي دەرھال خوجا-



يىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن خوجايىن يەنە مالايغا:

— مېنى يالاپ ماڭغاندەك كەينىمدە ماڭسەنا؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

مالاي نېمە قىلىشنى بىلمەي، خوجايىن بىلەن تەڭ مېڭىپتۇ. ئازراق ماڭمايلا خوجايىن يەنە مالايغا كايىپتۇ:

— خوجايىن بىلەن بىللە مېڭىشقا قانداق پېتىندىڭ؟

تەڭلىكتە قالغان مالاي خوجايىنىنىڭ ئۆزىنىڭ يانچۇقىغا قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ - دە، دەرھال بىر تەڭگىنى چىقىرىپ خوجايىنغا بېرىپتۇ.

خوجايىن تەڭگىنى ئېلىپ خۇش بولۇپ:

— ئەمدى قانداق ماڭساڭ ئىختىيارىڭ! — دەپتۇ.

**مەخپىيەت**

دادىسى: — بالام، ئېسىڭدە تۇت، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا سەمىمىلىك ۋە ئەقىل - پاراسەت ناھايىتى مۇھىم.

بالىسى: — ئۇنداقتا سەمىمىلىك دېگەن نېمە؟

دادىسى: — سەمىمىلىك لەۋزىدە تۇرۇش دېمەكتۇر.

بالىسى: — ئەقىل - پاراسەت دېگەنچۇ؟

دادىسى: — لەۋزى قىلماسلىق.

**پۇت قۇرۇق ئەمەس**

مۇئەللىم قان ئايلىنىش دەرسىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— مىسالغا ئالسام، قان ئايلىنىپ باشقا كەلسە مېنىڭ يۈزۈم قىزىرىپ كېتىدۇ، شۇنداقمۇ؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق، — دەپتۇ ئوقۇغۇچىلار بىردەك.

— ئۇنداقتا قان ئايلىنىپ پۇتقا بارسا، پۇت نېمىشقا قىزارمايدۇ؟ — دەپتۇ مۇئەللىم.

بىر ئوقۇغۇچى يۇقىرى ئاۋازدا:

— پۇتىمىزنىڭ ئىچى بوش ئەمەستە، — دەپتۇ.

**تەبرىك خەت**

بىر ئانا ئوغلىغا مۇنداق تەبرىك خەت يېزىپتۇ:

«سۆيۈملۈك ئوغلۇم، داداڭ ئىككىمىز خېتىڭنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇش بولدۇق ۋە بەخت ھېس قىلدۇق. بىز سېنىڭ توي مۇراسىمىڭنى كۆرۈشكە بەكمۇ تەقەززا بولدۇق...» ئوغلى بۇ خەتنى كۆرۈۋېتىپ، قەغەزنىڭ ئارقىسىدىكى باشقا قەلەم بىلەن يېزىلغان خەتنى كۆرۈپ قالدى: «ئاپاڭ ماركا ئىزدەشكە چىقىپ كەتتى،... بۇنداق ئەخمەقلىق قىلما، بويتاق يۈرۈۋەر...»

**30 يىللىق تەجرىبە**

پوچتا خادىمى دىرېكتورغا:

— بۇياق مىچىر ئەپەندى، 30 يىل پوچتىخانىدا ئىشلىگەن، ھازىر پېنسىيىگە چىقماقچى، — دەپتۇ.

دىرېكتور:

— مىچىر ئەپەندى، پېنسىيىگە چىقىش ئالدىدا نېمە تەلىپىڭىز باركىن؟ — دەپتۇ.

— پېنسىيە پۇلۇمنى پوچتىدىن ئەۋەتمىگەن بولساڭلار.

**دۇكان خوجايىنى**

ئىنتايىن پىخسىق بىر دۇكان خوجايىنى ئېغىر ئاغرىپ قاپتۇ. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپتۇ. بىر چاغدا خوجايىن كۆزىنى ئاران ئېچىپ:

— خوتۇن، بارمۇسىز؟ — دەپتۇ.

— بار.

— ئوغلۇم، سەنچۇ؟ — دەپتۇ خوجايىن.

— مەن بار، دادا.



2009

ــ قىزىم سىزچۇ ؟ ــ دەپتۇ خوجايىن.

ــ دادا، مەن يېنىڭىزدا.

بۇ چاغدا خوجايىن كۆزىنى تېخىمۇ يوغان ئېچىپ يۇقىرى ئاۋازدا:

ــ ئۇنداقتا دۇكاننى ئاچماپسىلەردە! ــ دەپتۇ.

### ئۆچىرەت

ئىجتىمائىي ئاكسىيە ئېلىش ئۈچۈن ئۆچىرەتتە تۇرۇۋاتسام، بىر ياشانغان كىشى كەلدى ـ دە يۇقىرى ئاۋازدا:

ــ مەن ئۆچىرەتتە تۇرمايمەن ئىسپاتىم بار، ــ دەپ ۋارقىرىدى.

ــ ياخشى، ــ دېدى ئىش بېجىرگۈچى، ــ ئۇنداقتا سىز ئۆچىرەت تۇرمايدىغانلار تەرەپكە بېرىپ ئۆچىرەتتە تۇرۇڭ!

### ئورۇن تېپىش

بىر خانىمنىڭ كۆزى ناھايىتى ئاجىز ئىكەن. ئۇ ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئولتۇرۇشقا بىر يىگىت ئەدەپ بىلەن:

ــ خانىم، سىزگە ئورۇن تېپىپ بەرسەم بولامدۇ؟ ــ دەپتۇ.

ــ رەھمەت، ئورۇن تېپىپ بولدۇم، ھاجەتسىز، ــ دەپتۇ خانىم.

ــ ئۇنداقتا پۇتۇم بەك ئاغرىپ كەتتى، خانىم، ــ دەپتۇ يىگىت.






### يۇمۇر سۆزلەش

بىر توپ ھايۋان قولۋاقتا كېتىۋېتىپ خەتەرگە يولۇقۇپ دېڭىزدا لەيلەپ قاپتۇ. ئېلىۋالغان يېمەكلىكلەرمۇ تۈگەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يۇمۇر ئېيتىشماقچى بوپتۇ. ئەگەر يۇمۇر سۆزلەپ ھەممىسنى كۈلدۈرەلمىسە، شۇنى دېڭىزغا ئېتىۋەتمەكچى بوپتۇ. ئالدى بىلەن كالا يۇمۇر سۆزلەپتۇ. كالىنىڭ يۇمۇرى بەك قىزىق بولۇپ ھەممە ھايۋان كۈلۈپ كېتىپتۇ، بىراق چوشقىلا كۈلمىگەچكە، كالىنى دېڭىزغا ئىتتىرىۋېتىپتۇ. ئارقىدىن قوي يۇمۇر سۆزلەپتۇ، قوينىڭ يۇمۇرىغا ھېچكىم كۈلمەپتۇ، پەقەت چوشقىلا ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كېتىپتۇ.

ــ بۇ يۇمۇرنىڭ كۈلگىدەك نېمىسى بار؟ ــ دەپتۇ ھايۋانلار.

بۇ چاغدا چوشقا دۇدۇقلاپ:

ــ كەچۈرۈڭلار، كالىنىڭ يۇمۇرىنى ئويلاپ... ــ دەپتۇ.

### قايسى ئىككىسى

بىر كۈنى مەلۇم شىركەتتىكى ياشانغان خىزمەتچى



لىدىر ئىشخانىسىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— مەن بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىنىمغا 30 يىل بولدى، بىر ئادەم ئۈچ ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتىمەن، لېكىن بىر كىشىلىك ھەق ئېلىۋاتىمەن، مائاش قوشۇپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

— ناھايىتى ياخشى، — دەپتۇ لىدىر، — ئۇنداقتا قايسى ئىككىسىنىڭ مائاشىنى سىزگە قوشۇپ بېرىمەن دەپ بەرسىڭىز!

### چاچ ۋە ساقال

ئا: — چېچىم ناھايىتى قارا، بىراق ساقىلىمغا ئاق كىرىپ كەتتى. نېمىشقا شۇنداقتۇ؟

ب: — بەلكىم ئاغزىڭىز كاللىڭىزغا قارىغاندا جىق ئىشلەيدىغان ئوخشايدۇ.

### سۇدىن ئۆتۈش

قاتتىق يامغۇرلۇق بىر كۈندە بىر شوپۇر سۇ يىغىلىپ قالغان يەردىن ئۆتمەكچى بولۇپ، يول ياقىسىدا تۇرغان كىشىدىن:

— بۇ يەردىن ئۆتسەم بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بولىدۇ ئۆتۈۋېرىڭ، چاتاق يوق، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

شوپۇر ماشىنىسىنى بىر ماڭدۇرۇپتىكەن، ئۇ كۆلچەككە پېتىپ قاپتۇ. قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن شوپۇر ۋارقىراپتۇ:

— بولىدۇ چاتاق يوق، دەۋاتاتتىڭغۇ؟

— ھە، تېخى بايىلا بۇ يەردىن بىر ئۆردەك ئۆتكەنتى، ھېچنېمە بولمىدىغۇ؟ — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

### ئېلاندا

بىر كىشى تېلېۋىزوردىكى ئېلاندا كۆرسىتىلگەن ۋېلىسىپىتنى سېتىۋالماقچى بولۇپ دۇكانغا بېرىپتۇ. قارىسا ۋېلىسىپىتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدى چىرىغى يوق ئىكەن.

— ئېلاندا بېرىلگەندە ئالدى چىرىغى بار ئىدىغۇ؟

— دەپتۇ ھېلىقى كىشى ھەيران بولۇپ. دۇكان خوجايىنى كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئېلاندا تېخى ۋېلىسىپىت ئۈستىدە چىرايلىق بىر قىزمۇ باردى.

### باشقا مەقسەت

تاماق ۋاقتىدا ئايالى:

— سىز ھازىر بېلىقنىڭ ياخشى يەرلىرىنى يەيدىغان بولۇۋالدىڭىز؟ توي قىلىشتىن ئىلگىرى بېلىقنىڭ بېشى بىلەن قۇيرۇقىنى يەيتتىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەھۋال ئوخشىمايدۇ ـ دە، — دەپتۇ ئېرى، — ھازىر مېنىڭ مەقسىتىم بېلىق يېيىش، ئۇ چاغدىكى مەقسىتىم بېلىق تۇتۇش ئىدى.

**خۇرشەنئاي مەمتىمىن** تەرجىمىسى



# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز ھەققىدە ئويلار



غالىب خوجئابدۇللا

مەلۇمكى مىللىتىمىز قەدىمدىن بۇيان شىنجاڭنى
مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىدە، جۇملىدىن
تارىم ۋادىسى، جۇڭغار دالاسى، تەڭرى تېغى، قارا قورۇم
تېغى، ئالتاي تېغى، ئۇرخۇن،يېنسەي دەريا بويلىرى قا-
تارلىق جايلاردا مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ياراتتى... مىراس-
لىرىمىزنىڭ قەدىمىيلىكى، ئەۋرىشىملىكى ۋە پاكىتچانلىقى
دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سانسىزلىغان ئالىم ۋە مۇتە-
خەسسىسلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى-
نىڭ كەڭلىكى، تارىخىي دەۋرىنىڭ ئۇزاقلىقى، تۈرىنىڭ
كۆپ خىللىقى ۋە ئىلمىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىزنى
چەكسىز سۆيۈندۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە ئۇلارنى ياخشى
قوغداپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشتە بىزدىن
نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئادەتتە مەدەنىيەت مىراسلىرى ماددىي مەدەنىيەت
مىراسلىرى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى
دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ماددىي مەدەنىيەت مىراس-
لىرى دېگەندە تۇتقىلى بولىدىغان ۋە كۆرگىلى بولىدى-
غان مۇئەييەن شەكىلگە ئىگە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى
كۆرسىتىدۇ. ئالايلۇق ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن
تارىخىي ئىزلار، تارىخىي بۇيۇملار، تۇرپان، تۇيۇق ۋە
كۇچالاردىكى مىڭئۆيلەر، ئۇرخۇن، يېنسەي ۋادىسىدىكى
مەڭگۈ تاشلار، تەڭرى تېغى، قارا قورۇم تېغى، ئالتاي
تېغى قاتارلىق تاغلاردىكى قىياتاشلارغا چېكىلگەن رە-
سىملەر ۋە باشقا مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ ھەممىسى ئەجداد-
لىرىمىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى
كۆرسىتىدۇ. ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بۇزغۇنچىلىققا
ئۇچرىمىسا، ۋاقتىدا رېمونت قىلىنىپ تۇرسا ئۆزىنىڭ مە-
دەنىيەت قىممىتىنى يوقاتمايدۇ، بەلكى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە
ئەگىشىپ قىممىتىنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرىدۇ. غەيرىي
ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى دېگەندە تۇتقىلى بولمايدى-
غان، كۆرگىلىمۇ بولمايدىغان مۇئەييەن شەكلى يوق مەدە-
نىيەت مىراسلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئالايلۇق مىللىتىمىز قە-
دىمدىن بۇيان شەكىللەندۈرگەن مىللىي ئۆرپ-ئادەتلە-
رى، تىلى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، مىللىي ئاھاڭ-
كۈيلەر، ئەنئەنىۋى مىللىي بايراملار ۋە مىللىي

تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مىللىتىمىزنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا كىرىدۇ.

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى. ئۇ ئادەتتە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەپلا قالماي، پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيىتى بىلەن باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مىللىي خاسلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بىر مىللەتنىڭ شەكىللىنىپ تەرەققىي قىلىشىدا، ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قانداق مۇھىم بولسا، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمۇ شۇنداق مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

مىللىتىمىز قەدىمدىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ ياراتقان غايەت زور ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر، ساياھەتچىلەر ۋە سودىگەرلەرنىڭ ناھايىتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى. نۇرغۇن قىممەتلىك ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىمىزدىن، مىڭئۆيلەردىن ۋە باشقا مەدەنىيەت ئىزلىرىمىزدىن ئوغرىلىنىپ، چەت ئەلگە توشۇلدى. بۇ جەرياندا سانسىز ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىز بۇزۇلۇپ كېرەكسىز تۇپا دۆۋىسىگە ئايلىنىپ كەتتى، دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيىمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا جىددىي كۆڭۈل بۆلۈندى. مىللىتىمىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بايقالغان مەدەنىيەت ئىزلىرىنى دۆلەت دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك، ۋىلايەت دەرىجىلىك، ناھىيە دەرىجىلىك قوغداش رايونى دەرىجىسى بويىچە قانۇن جەھەتتە قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىندى. نۇرغۇن قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرىمىز ساياھەت نۇقتىسى قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ تۈركۈم-تۈركۈملەپ ساياھەت قىلىشىغا ئېچىۋېتىلدى.

مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەشەببۇسى خەلقئارادا مەملىكىتىمىزگە قارىغاندا خېلى بالدۇر باشلانغان ئىدى. بولۇپمۇ ياۋروپادا پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ سانائەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى، نۇرغۇن مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ بۇزۇلۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا قەۋەت - قەۋەت بىنالارنىڭ سېلىنىشى ياۋروپادىكى مىللەتلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى. ياۋروپادىكى بەزى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش جەھەتتە تالاش - تارتىش قىلىشىۋاتقان چاغلاردا فرانسىيىلىكلەر بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ئاكتىپ پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بولۇپمۇ فرانسىيە شائىرى يۇگرى 1832-يىلى «مەدەنىيەت مىراسلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارغا جەڭ ئېلان قىلايلى» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش جەھەتتىكى كەسكىن مەيدانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خاسىيەتلىك ئەسىرىدە «ئىنسانىيەتنىڭ مەشھۇر مەدەنىيەت ئىزلىرى ئۈچۈن قانۇن تۇرغۇزايلى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدە بارلىققا كەلگەن قەدىمكى نادىر ئەسەرلەر ئۈچۈن قانۇن تۇرغۇزايلى، قەدىمكى چېركاۋلارنى قوغداش ئۈچۈن قانۇن تۇرغۇزايلى، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ كوللېكتىپ ئەمگىكى ئۈچۈن قانۇن تۇرغۇزايلى، بۇزۇلۇپ كەتكەن ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىز ئۈچۈن قانۇن تۇرغۇزايلى...» دېگەن مەشھۇر چاقىرىقلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئۆز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشقا ئىلھاملاندۇردى. شائىرنىڭ ئاشۇ دەۋردە مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەققىدىكى يېڭى تونۇشى ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئەينى دەۋردىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىپلا قالماي، بەلكى زامانداشلىرىمىزنىمۇ قايىللىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۈرىدۇ، ئەلۋەتتە.

ھازىرقى كۈندە مەلۇم بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش شۇ مىللەتنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپلا قالماي، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى بولۇپ قالدى. مەلۇم بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ يوقىلىشى شۇ مىللەت ئۈچۈن زور يوقىتىش بولۇپلا قالماي، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن زور يوقىتىش بولۇپ قالدى.

شۇڭا دۆلىتىمىز ۋە خەلقئارا جەمئىيەت ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا يۈكسەك

ئەھمىيەت بەرمەكتە.

زاماننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەتلەر ئارا ئالاقىنىڭ قويۇقلىشىشى، قاتناشنىڭ راۋاجلىنىشى، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى، ئۇچۇرنىڭ مىسلىسىز تەرەققىياتى، ھەرقايسى ئەل مىللەتلىرىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەت، دۇنيا قاراش ۋە قىممەت قاراش جەھەتلەردە بىر خىل ئورتاق ئەندىزىنى چىقىش قىلىشقا قىستىدى. ئىنسانىيەتنىڭ ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتى دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئۇلارغا قولايلىق يارىتىش بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ قەدىمدىن بۇيان شەكىللەندۈرگەن غەيرىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئېھتىيات گۇدۇكىنى چالدى.

خەلقئارا جەمئىيەت دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىغا كەلگەندە ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا قارىغاندا جىددىي قارىدى. بولۇپمۇ يېقىنقى مەزگىللەرگە قارىغاندا بۇ مەسىلىگە ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەت بەردى. ب د ت، مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى 1972-يىلى «دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە تەبىئىي مىراسلارنى قوغداش ئەھدىنامىسى»نى تۈزدى. بۇ ئەھدىنامىنىڭ كونكرېت تەلپىگە ئاساسەن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل مىللەتلىرىنىڭ ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە ماددىي مەدەنىيەت ئىزلىرى، جۈملىدىن يىراق قەدىمكى زامان ماددىي مەدەنىيەت ئىزلىرى، قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، قەدىمكى زامان قەبرە مەدەنىيەت ئىزلىرى ۋە مەدەنىيەت مەنزىرە نۇقتىلىرى قاتارلىق مەشھۇر مەدەنىيەت ئىزلىرى دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرى مەلۇم بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسى بولۇپلا قالماي، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت مىراسىغا ئايلاندى.

مەملىكىتىمىز «دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە تەبىئىي مىراسلارنى قوغداش ئەھدىنامىسى»گە 1985- يىلى قاتناشقاندىن كېيىن دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن مىللىتىمىزنىڭ ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا قارىغاندا تېخىمۇ بەك كۆڭۈل بۆلۈندى. مەملىكىتىمىزنىڭ داڭلىق ماددىي مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن «سەددىچىن سېپىلى»، «بېيجىڭ ۋە شېنياڭلاردىكى خان سارايلىرى »، «شىنجاڭدىكى بۇددالا سارىيى»، «شىئەندىكى پادىشاھ قەبرىلىرى» ۋە «دۇنخۇاڭدىكى مىڭ ئۆيلەر» قاتارلىقلارغا غايەت زور ئىقتىساد ئاجرىتىپ قايتا رېمونت قىلىنىش بىلەن بىللە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەشھۇر ماددىي مەدەنىيەت ئىزلىرىمىزدىن «تۇرپاندىكى مىڭئۆيلەر»، «كۇچادىكى مىڭئۆيلەر»، «ئىدىقۇت قەدىمىي شەھەر خارابىسى»، «سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى» ۋە «تۇيۇق مىڭئۆيى مەنزىرىلىك رايونى» قاتارلىقلارمۇ قايتا رېمونت قىلىنىپ، مەشھۇر ماددىي مەدەنىيەت ئىزلىرىمىزنىڭ قوغدىلىشىغا پۇختا ئاساس سېلىندى.

خەلقئارا جەمئىيەت دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ غەيرىي مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى قوغداشقا خېلى بۇرۇنلا كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ مەسىلىگە تېخىمۇ جىددىي قاراپ بەزى كونكرېت ئەھدىنامىلەرنى تۈزدى. ب د ت مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى 2003 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى»نى تۈزدى. دۆلىتىمىز بۇ ئەھدىنامىنىڭ تۈزۈلگەنلىكىگە قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، 2004 ـ يىلى 8 ـ ئايغا كەلگەندە بۇ ئەھدىنامىگە قاتناشتى. دۆلىتىمىزنىڭ «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى»گە قاتنىشىشى مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنى دۇنياغا تونۇتۇشتا مىسلىسىز رول ئوينىدى. دۆلىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئورۇنلار قۇرۇلدى. ئالايلۇق، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا «موڭغۇلشۇناسلىق تەتقىقات بازىسى»، يۈننەندە «چېگرا رايون ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات بازىسى»، ئاپتونوم رايونىمىزدا «فولكلور مۇزېيى» قاتارلىقلار قۇرۇلۇپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ غەيرىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىشتا قولايلىق شارائىتلار ھازىرلاندى. دۆلىتىمىز «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى» گە قاتناشقاندىن بۇيان، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يوقىلىش خەۋپى بار، تارىخى ئۇزۇن، ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ب د ت

مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىغا ئىلتىماس قىلىپ
ئۇلارنى ئىنسانىيەتنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراس-
لىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشكە كۈچ چىقاردى. بۇ خىل
ياخشى يۈزلىنىشنىڭ تەسىرىدە، مەدەنىيەت مىنىستىرلىك-
نىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن 2004 ـ يىلى ئۇيغۇر
مۇقام سەنئىتى ب د ت مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت تەش-
كىلاتى تەرىپىدىن ئىنسانىيەتنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنى-
يەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، مەملىكىتىمىزگە
جۈملىدىن خەلقىمىزگە غايەت زور شان ـ شەرەپ ئاتا
قىلدى. خەلقىمىز ئۆزىنىڭ مۇقام سەنئىتى بىلەن دۇنيا جا-
مائەتچىلىكىگە تونۇلدى.

دۆلىتىمىز ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراس-
لىرىنى تېخىمۇ ياخشى قوغداش ۋە ئۇلارنى كېيىنكى ئەۋ-
لادلارغا ساغلام يەتكۈزۈش ئۈچۈن 2007 ـ يىلى ھەر
يىلى 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىنى دۆلىتىمىزنىڭ «مەدەنىيەت
مىراسلىرى كۈنى»قىلىپ بېكىتتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى
ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مى-
راسلىرىنى قوغداش، مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە
ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، سوتسىيا-
لىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈش مەقسىت-
دە 2008 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائى-
مىي كومىتېتىنىڭ 36 ـ قېتىملىق يىغىنى: «شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى-
نى قوغداش نىزامى»نى ماقۇللىدى. بۇ نىزامدا ئېيتىلغان
غەيرىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان،
ئامminىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان
تۈرلۈك ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە
مەدەنىيەت ماكانىنى، يەنى ئۇلارنىڭ ئاغزاكى ئەنئەنىسى،
تىلى؛ ئەنئەنىۋى ئورۇنداش سەنئىتى ۋە ئەلئارا گۈزەل
سەنئىتى؛ ئەنئەنىۋى مۇراسىم؛ ھېيت ـ بايرام، تەبرىكلەش
مۇراسىمى شۇنداقلا ماھارەت، ئويۇن قاتارلىق مىللىي
ئۆرپ ـ ئادەت پائالىيىتى؛ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچى-
لىك پائالىيىتى؛ تەبىئەت دۇنياسىغا ۋە ئالەمگە ئالاقىدار
ئەلئارا ئەنئەنىۋى بىلىم قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئى-
چىگە ئالىدۇ. نىزامدا يەنە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مى-
راسلىرىنى قوغداش خىزمىتىدە قوغداشنى ئاساس قىلىش،
قۇتقۇزۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، مۇۋاپىق پايدىلى-
نىش، ۋارىسلىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يۆنىلىشىنى
ئىزچىللاشتۇرۇش؛ ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىش، جەمئى-
يەت قاتنىشىش، ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان تۈزۈش، قەدەم
باسقۇچلۇق يولغا قويۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش قاتار-
لىق تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

دۆلىتىمىزدە «مەدەنىيەت مىراسلىرى كۈنى» دىن
ئىبارەت بۇ خاسىيەتلىك كۈننىڭ بېكىتىلىشى، ئاپتونوم را-
يونىمىزدا « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەيرىي
ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش نىزامى»نىڭ تۈ-
زۈلۈشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىل-
لەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، تېخىمۇ
ياخشى قەدىرلەش ۋە ئۇلارنى دۇنياغا تونۇتۇشقا يېڭى
پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيەت
مىراسلىرىنى قوغداش، تەتقىق قىلىش ۋە ۋارىسلىق قىلىش
خىزمەتلىرىنى ياخشى قىلىدىغانلا بولسا، ئۆزىنى دۆلەت
ئىچى ۋە سىرتىغا تېخىمۇ ياخشى تونۇتالايدىغانلىقىغا ئى-
شەنچىمىز كامىل.

(ئاپتور: قورالliq ساقچى قىسىم ئۇرۇمچى كوماندىرلار
ئىنستىتۇتى مىللىي تىل كافېدراسىدا)


## بىلدۈرگۈ

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2008 ـ يىللىق سانلىرى-
غىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 35 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەتىمىن Tel: (0991) 4554017







# هويلا ـ ئاراملرمز

مۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن

هويلا خەلقمز كۈندىلك تۇرمۇشدىكى ئاساسلق پائالىيەت سورۇنى، كشلەر زمستان قش كېتپ، ئلللق باهار كېلشى بلەن تەڭ قشلق ئسسنش ئەسلمهەلرنى يغشتۇرۇپ چوڭ تازلق (نوروز تازلقى) قلشدۇ. نوروز بايرمى هەپتسدە كشلەر هويلا ـ ئاراملرنى تازلاپ، نوروزنى كۈتۈۋېلشقا تەييارلق قلشدۇ، ئەتيازلق كۈن ـ تۈن تەڭلەشكەن كۈنى يەنى 3 ـ ئاينڭ 21 ـ كۈنى كشلەر دالغا چقپ ياكى ئۆز هويلسدا نوروزنى كۈتۈۋالدۇ، نوروز ئېشى تەييارلاپ، يېڭى بر يلنڭ بەرىكەتلك بولۇشنى تلەيدۇ. نوروزنى شۇنداقلا باهارنى قارشى ئېلش يۈزسدىن هويلدىكى سۇپا، كارىۋات ۋە پېشايۋان ئاستلرغا بسات (گىلەم، كىگز، شرداق، پالاز...) سالدۇ. تۆشەكلكلەرنى هويلدىكى يازلق ئاشخانلرغا كۆچۈرۈپ چقدۇ. مانا شۇنىڭدن باشلاپ تاكى 10 ـ ئاينڭ ئوتتۇرلرغچە بارلق پائالىيەتلەر هويلدا بولدۇ.

ئۇيغۇر ئۆي ـ ئمارەت قۇرۇلۇشلرىدا ئامال بار هويلا ئورننى چوڭراق قويدۇ، چاسا شەكلدە بولدۇ. پېشايۋاننى كۆتۈرۈپ تۇرىدغان تۈۋرۈك ۋە تۈۋرۈك ئۈستدىكى خەھ شۇنداقلا هاراخ ۋە جەگلەرگە ئويۇلغان گۈل نەقشلرى كشگە زوق ئاتا قلالايدۇ. هويلا بلەن باغنى ئايرىپ تۇرىدغان ۋادەكلەر ۋە كۆكگۈرلۈق تاملار سېلنپ ئارقسغا ئۈزۈم تال قويۇلۇپ، پېشايۋان ئۈستگە ياماشتۇرۇلۇپ، تال ـ باراڭ سايسى سالقنلق

بېغىشلايدۇ. تاشقىرىقى هويلا بىلەن ئىچكىرىكى هويلىنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئەگمە ئىشىك قويۇلۇپ، كۆركەم پەردە تارتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچكىرىكى هويلىدىكى شەخسىي پائالىيەتلەرنى توسۇپ تۇرۇشقا پايدىسى بار. تاشقىرىقى هويلىغا پاكار كۈڭگۈر باغلىنىپ ئۈستىگە گۈل تەشتەكلىرى قويۇلىدۇ. گۈل تەشتەكلىرىگە ۋە هويلىدىكى كىچىك كاندىكلارغا تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن رەڭگارەڭ گۈللەر كىشىنىڭ خىزمەت جىددىيلىكى ۋە ئەمگەك هارغىنلىقىنى چىقىرىدۇ. هويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا (يازلىق تاماقخانىغا يېقىنراق جايدا) ساپالدىن ياسالغان كۆپ قويۇلىدۇ. كۆپنىڭ سۈيى مۇز سۈيىدەك سوغۇق بولۇپ، ياز كۈنلىرى كىشىگە راهەت بېغىشلايدۇ. ئائىلىدىكى قىز - ئاياللار سەهەر تۇرۇپ ئەڭ بۇرۇن ئىشىك ئالدى (جامائەت ماڭىدىغان يول) ۋە هويلا - ئارامنى پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ، قېنىق سۇ سېپىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەت پاكىزلىق تۇيغۇسى بەرگەندىن سىرت، جىسمانىي جەھەتتىن بەدەن چېنىقتۇرۇش، ئەتىگەنلىك ساپ هاۋادىن نەپەس ئېلىش، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاپ، ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. هويلىسى بار قورۇ - جايدا ياشايدىغانلارنىڭ قولۇم - قوشنىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ، ئەسلىدىكى ئۆرپ - ئادەت ۋە قوشنىدارچىلىق مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشقىمۇ پايدىسى بار. هويلىنىڭ يەنە بىر ئەۋزەللىكى بولسا كىر يۇيغاندا هويلىنىڭ كۈن نۇرى چۈشىدىغان يېرىگە ئۇ چەتتىن بۇ چەتكىچە سىم تارتىپ، يۇيۇلغان كىيىم - كېچەك قاتارلىقلارنى يېيىپ قۇرۇتقىلى بولىدۇ. ئادەم بەدىنى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىدىغان كىيىم، لۆڭگە، كىرلىك... قاتارلىق بۇيۇملارنى ئاپتاپتا قۇرۇتقاندا كۆزگە كۆرۈنمەس مىكروبلار كۈن نۇرىدا ئۆلۈپ كېسەللىك بىلەن يۇقۇملىنىشنىڭ ۋە ھەر خىل تېرە كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

باغ ئىچىگە ياكى تاشقىرىقى هويلىغا مۇۋاپىق ئورۇن تاللاپ كىچىك تونۇر سېلىپ ۋاقتى - ۋاقتىدا يۇمشاق نانلارنى يېقىپ يېگىلى بولىدۇ. بەزى هويلىلاردا ئەنجۈر، ئانار، ئالما، ئۆرۈك، جىنەستە ... قاتارلىق مېۋىلەرنى ئۆستۈرىدۇ. گەرچە تويغۇلۇق بولمىسىمۇ ئۆزى ئەجىر قىلغان مېۋىدىن يېگەندىكى هۇزۇرنى سۈرەلەيدۇ. ئۇيغۇرلاردا ياز كۈنلىرىمۇ مېھمانىنى مېھمانخانا ئۆيگە باشلاپ تاماقتىن كېيىن بىردەم هويلىغا چىقىپ هاۋالىنىپ، مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇش، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ مېھمانلىرى بەك كۆپ كېلىپ ئۆيگە پاتمىغان ئەھۋال ئاستىدا هويلىغا باشلاپ تۇرۇش، نەرسە - كېرەك سوراپ كىرگەن ياكى بىرەر ئىشقا مەسلىھەت سوراپ كىرگەن قوشنىلارنىمۇ هويلىغا باشلاش، ئائىلە ئەزالىرى ئۈچ ۋاخ تاماقنى هويلىدا ئولتۇرۇپ يېيىش، هاۋا دىمىق كېچىلىرى هويلىغا ئورۇن سېلىپ يېتىش... قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بار. قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ هويلا - ئارام مەدەنىيىتى باشقا ھەرقانداق مىللەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادىتىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىر خاسلىق هويلا - ئارامنى كۆكەرتىش ھەمدە هويلىنىڭ ئالدىغا ياكى ئارقا تەرىپىگە كىچىك بولسىمۇ بىر باغ ئەھيا قىلىشتۇر. بۇ خىل ئادەت ئۇيغۇرلارنىڭ هويلا - ئارام مەدەنىيىتىدىكى باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئادىتى بولۇپ، بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇندىن يېشىللىقنى ئەتىۋارلايدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

مەيلى شەھەر ئاھالىسى بولسۇن ياكى يېزا ئاھالىسى بولسۇن ئولتۇراق ئۆيى هويلا - ئاراملىق بولسىلا كۆكەرتىش، كىچىك كاندىك ۋە گۈل تەشتەكلىرىدە گۈل ئۆستۈرۈپ هويلىنى گۈزەللەشتۈرۈش، قىشلىق گۈللەردىن باشقا يەنە يازلىق گۈللەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەمگەكچان، ئىشچان مىللەت ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار گۈل ئۆستۈرۈشتىن باشقا يەنە، هويلىسىنىڭ يېنىدا ياكى ئالدى - ئارقىسىدا ئازراقلا جاي بولسا باغ ئەھيا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. باغنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ رەتلەپ ئۆرۈك، ئالما، ئامۇت، ئەنجۈر، ئانار، گىلاس، ئالگىرات، جىنەستە، كۆك سۇلتان، غەينۇلا، قارا ئۆرۈك، شاپتۇل، توغاچ قاتارلىق مېۋىلەرنى قويۇپ پەرۋىش قىلىپ، تەنگە لەززەت شېرىن مېۋىلەردىن يەپ بەھر ئالىدۇ ۋە يېڭى مېۋىلەرنى شاختىن ئۈزۈپ يەپ كېسەللىكلەرگە شىپا تاپىدۇ، شۇنداقلا ھەر خىل كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

هويلا - ئارام مەدەنىيىتىدە، تېخىمۇ ئومۇملاشقان كۆكەرتىش ئادەتلىرىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

**1. ئۈزۈم تال (تەك سېلىش)**

ئۈزۈم تال سېلىش ئارقىلىق هويلىغا سايە چۈشۈرۈش، هاۋانى ساپلاشتۇرۇش، يېشىللىق بېرىش مەقسىتىگە

يەتكىلى بولسا، ئۈزۈمنى يېيىش ئارقىلىق بەدەندىكى تەر ئارقىلىق خوراپ كەتكەن گلۇكوزا قاتارلىق ماددىلارنى تولۇقلىغىلى، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغىلى، تەننى قۇۋۋەتلىگىلى بولىدۇ. خەلقىمىزنىڭ ھويلىدا تال ئۆستۈرۈش ئادىتى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، خەلقىمىزدە ئەزەلدىن ھويلىنى ئازادە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش بىر قەدەر ئومۇملاشقان. ئەجدادلىرىمىز ھويلىدا تال ئۆستۈرۈشنىڭ پايدىسىنى خېلى بۇرۇنلا چۈشىنىپ يەتكەن. ئۈزۈم باراڭلىق ھويلىلار كىشىگە ئالاھىدە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭ سايىسى ھويلىنىلا ئەمەس بەلكى ھويلا ئىچىدىكى ئۆيلەرنىمۇ سالقىنلاشتۇرىدۇ، ھاۋاسىنى ساپلاشتۇرىدۇ. ئەتىگەن ۋە كەچلىكى بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىغا جەم بولۇپ غىزالىنىدۇ، كۆلكە ـ چاقچاق قىلىشىدۇ.

2. ھويلىدا كاۋا ـ قاپاق ئۆستۈرۈش

ئۇيغۇرلار باھار كىرىشى بىلەنلا ياغاچ قورۇلما ۋە ئادەتتىكى چىتلاقلارنى ياساپ، كاۋا ـ قاپاق تېرىشقا باشلايدۇ. كاۋا ـ قاپاق پىلەك تارتىپ ئۆسكەچكە، ياز كۈنلىرى ھويلىغا باشقىچە تۈس بېرىدۇ. بۇنداق ھويلىلارنىڭ ھاۋاسى ساپ، سالقىن، ھۇزۇرلۇق بولىدۇ. كاۋا پايدىلىق يېمەكلىك بولغاچقا ئۇنى ئۇزاقتىچە ساقلاپ ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ. قاپاق خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ بىرى بولۇپ ئۇنىڭ دورىلىق تەرىپىمۇ بار. خەلقىمىز ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر جەريانىدا ئۇنىڭ رولىدىن ياخشى پايدىلانغاچقا، ئىقتىساد ـ سودا ئىشىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، كاۋا ـ قاپاق ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مۇئەييەن ئىقتىسادىي قىممەت ياراتماقتا.

3. ھويلىدا مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش

خەلقىمىزنىڭ گۈزەللىك ئېڭى ئەزەلدىن يېشىللىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقانداق بىر ھويلىسىدا مېۋىلىك دەرەخنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئامال بار كىشىلەر ھويلىلىرىنى مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن بېزەيدۇ. كۆپىنچە ئۈجمە، ئالما، ئانار، شاپتۇل، نەشپۈت، ئۆرۈك، ئالوچا، ياڭاق قاتارلىقلارنى تىكىدۇ، بۇ مېۋىلەر چېچەك پەسلى ۋە مېۋە بېرىش پەسلىدە كىشىلەرگە تولۇق بىر ياز باغ ھۇزۇرى بەخش ئېتىدۇ.

4. ھويلىدا گۈل ئۆستۈرۈش

ھويلىدا گۈل ئۆستۈرۈش ئادىتى — خەلقىمىزدە ناھايىتى بۇرۇنلا ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەللىك ئېڭى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. دېمەك، خەلقىمىز ھويلىلىرىدا تۈرلۈك رەڭلەردە ئېچىلىدىغان گۈللەرنى ئۆستۈرىدۇ. ھەرخىل رەڭلىك گۈللەر ئۆز نۆۋىتىدە خەلقىمىزنىڭ رەڭلەرگە بولغان چۈشەنچىسى ۋە تۈرلۈك ئېتىقادلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۆيلەرنىڭ ھويلىدىن بىنالىششقا ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، گۈلنى تەشتەكتە ئۆستۈرۈش ئادىتى ئومۇملىشىپ قالغان بولسىمۇ بىراق، يېزىلاردا ھويلىدا گۈل ئۆستۈرۈش ئادىتى ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى يوقاتقىنى يوق.

5. ھويلىدا سىمۇوللۇق دەرەخ ئۆستۈرۈش

يېزا قىشلاقلاردا خەلقىمىز ھويلىدا سىمۇوللۇق دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈشنى ئومۇملاشتۇرغان بولۇپ، «ئۇلۇغ بوۋام تىككەن دەرەخ»، «دادام پەرۋىش قىلغان ياڭاق» دەپ قەدىمىي دەرەخلەرنى پەپىلەپ پەرۋىش قىلىدۇ. بۇ ماھىيەتتە ئاددىيلا دەرەخنى پەرۋىش قىلىش بولماستىن، بەلكى ئۆز ئەجدادلىرىنى ئەسلەش، ئۇلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى قەدىرلەش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەلقىمىزدە يەنە بىر ـ بىرىنىڭ ھويلىسىغا كۆچەت تىكىپ بېرىش، دەرەخلىرىنى ئۇلاپ ـ چېتىپ بېرىش ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە دوستلۇق، يېقىنلىق، قوشنىدارچىلىقنى ئىپادىلەيدىغان ئادەتمۇ بار.

6. ھويلىغا ئوسما، خېنە تېرىش

ئوسما بىلەن خېنە — ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەللىك ئېڭىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان ياخشى نەرسىلەر بولۇپ، ئۇنى تېرىش، پەرۋىش قىلىش ئۇلارغا ياراشقاي.

ئوسما قويۇش — ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان تەبىئىي گىرىم قىلىش ئادىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ئائىلىلەر ھويلا ـ ئاراملىرىغا مەخسۇس ئوسما تېرىيدۇ. ئوسمىنىڭ تەبىئەتتىن قارىغاندا، ئۇ ياللۇز قاشنى قارايتىش رولىنى ئويناپلا قالماستىن، يەنە تۈك بەزلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، قاشنى قويۇقلاشتۇرۇش رولىنىمۇ ئويناايدۇ.

خېنە بىر خىل ئالاھىدە گۈل بولۇپ، كۆپلىگەن ھويلىسى بار ئائىلىلەر خېنىگۈلنى ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرىدۇ. خېنىنىڭ غولىنى ئۇششاق چاناپ ياكى سوقۇپ، زەمچە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، قولنىڭ ئالقىنىغا قويىدۇ. خېنە بىر تەرەپتىن قول ۋە تىرناقلارنى تەبىئىي قىزارتىپ گۈزەللەش-

تۇرۇش رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن قول تەرلەش ۋە يېرىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قولنى سىلىقلاشتۇرۇپ تىرناقنى پارقىرىتىدۇ.

**7. ھويلىغا كۆكتات تېرىش**

ئۇيغۇرلار باھار كىرىشى بىلەنلا ھويلىنىڭ كۈن چۈشىدىغان مەلۇم يېرىنى يۇمشىتىپ پەمدۇر، مۇچ، پىدىگەن دېگەندەك كۆكتاتلاردىن ئۆز ھاجىتىدىن چىققۇدەك تېرىپ ئۆستۇرىدۇ. بۇنىڭغا خىمىيىلىك ئوغۇت بەرمىگەچكە ھويلىدا ئۆسكەن كۆكتاتلار ھەقىقىي يېشىل يېمەكلىك بولالايدۇ، كۆكتات پىشقاندا كىشىلەر بۇ كۆكتاتلاردىن قوشنىلىرى بىلەن بىرلىكتە بەھرلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ھويلىنى كۆكەرتىش جەريانىدا ھەر كۈنلۈكى دېگۈدەك ئەمگەك قىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق جىسمانىي جەھەتتە چېنىقىدۇ، مەنىۋى جەھەتتە راھەتلىنىدۇ، نېرۋىسىنى ئارام ئالدۇرىدۇ، خىزمەت بېسىمىنى يەڭگىللىتىدۇ ۋە ئىلمىي ئوزۇقلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا ـ ئارام مەدەنىيىتىدە يەنە بىر تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك نەرسە — ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنىدارچىلىق مەدەنىيىتىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭرى كەتكەن ھويلا ـ ئاراملىرى قوشنىدارچىلىقنى يەنىمۇ يېقىنلاشتۇرىدىغان، ئىلگىرى سۈرىدىغان ياخشى بىر پائالىيەت سورۇنىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنىدارچىلىق مەدەنىيىتى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئىككى تەرەپ قوشنىلار ۋە كۆچۈپ كەتكەن قوشنىلار بىلەنمۇ خۇددى بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يېقىن مۇناسىۋەتتە ئۆتۈشتەك خاسلىقى بىلەن باشقا مىللەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

قوشنىدارچىلىقنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئۇيغۇرلاردا «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا»، «ئۆيىنى كېيەككە ئال، قوشنانى ئالتۇنغا» دەيدىغان ماقال ـ تەمسىللەر بار، ئويلىمىغان يەردىن تۇيۇقسىز بىرەر نەرسە لازىم بولۇپ قالغاندا دەرھال قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە سوراپ كىرسە شۇ نەرسە بولسىلا ئايىماستىن، ئۆزىگە قالماسلىقىدىن ۋە بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەستىن دەرھال ئەپچىقىپ ھاجەت بولغۇچىغا بېرىدۇ. نەرسە سوراپ كىرىشنىڭ نەقەدەر قېيىن ئىكەنلىكىنى ئويلاپ بولسىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالدۇرمايدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى «يوقسۇزلۇق ھەممىدىن يامان» دېگەن ماقالىمۇ مۇشۇنىڭدىن كەلگەن.

2. بىرەر ئىشتا كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچراپ، ئىچى سىقىلىپ ئولتۇرغاندا، يېقىن قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ھال ـ مۇڭ بولۇشقا دىلى تارتىپ، يولۇققان مەسىلىلەرنى ئېيتىشىپ، بىر ـ بىرىگە تەسەللى بېرىپ يېنىكلەپ چىقىشىدۇ.

3. كىچىك باللىرى بار كىشىلەر دەرھال سىرتقا چىقىدىغان بولۇپ قالغاندا باللىسىنى ئۆيدە يالغۇز قويۇشتىن ئەنسىرەپ، قوشنىلارغا بالىغا قاراپ تۇرۇشنى ھەمدە ھويلا ـ ئاراملىرىغا ئىگە بولۇپ قويۇشنى تاپىلىغاندا قوشنىسى خۇددى ئۆزىنىڭ باللىسىغا قارىغاندەك قاراپ قويىدۇ، ھەتتا قوچاقتىكى بالا بولمىسىلا بىر نەچچە كۈنلەپ «ئامانەت بالا» دەپ ئەتىۋارلاپ ياخشى كۈتۈپ قاراپ تۇرىدۇ. پات ـ پات چىقىپ قوشنىسىنىڭ ئىشكىنى يوقلاپ تۇرىدۇ، كېچىسى تاراق ـ تۇرۇق ئاۋاز ئاڭلانسا ئالايىتەن چىقىپ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ باقىدۇ. بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى باللىرىدىن ھېچقانداق غەم ـ ئەندىشىسىز خاتىرجەم جىددىي ئىشلىرىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپلا ئۇدۇل قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ رەھمەتلىرىنى ئېيتىشىپ باللىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.

4. تاماق ئەتكەندە ئاز دېگەندىمۇ بىر ـ ئىككى كىشىلىك تاماقنى كۆپرەك ئېتىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان، شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۇشتۇمتۇت بىر نەچچە مېھمان كىرىپ قالسا، ئارتۇق ئەتكەن تاماققا ئۆزلىرى يېمەكچى بولغان تاماقتىن ئازراقتىن قىسىپ ھەتتا ئۈچ ـ تۆت مېھماننىمۇ چاندۇرماي تاماقلاندۇرالايدۇ. «ئەتكەن تامىقىڭدا قوشناڭنىڭمۇ ھەققى بار»، «ياخشى مېھمان تاماق ئۈستىگە» دېگەن ماقال خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ھېچكىم كىرمىگەن كۈنلىرى يان، ئۇدۇل قوشنىلىرىغا بىر چىنىدىن تاماق سۇنۇشۇپ بارىنى تەڭ كۆرۈشنى ئۆز ئادىتىگە ئايلاندۇرغان. بولۇپمۇ داۋاملىق ئەتمەيدىغان، قول تۇتىدىغان، تاڭسىق ياكى ئالاھىدە دورىلىق تاماقلارنى (ئۆپكە ـ ھېسىپ، كۆك چۆچۈرىسى، كاۋا مانتىسى، چۆلە، يومدان... قاتارلىق) ئەتكەندە ئىككى يان، ئۇدۇل، ئارقا تەرەپتىكى بىر قانچە قوشنىلارغا سۇنۇپ تەڭ يەيدىغان، ئوخشىغان تاماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە قىسىدىغان ئادەت قوشنىدارچىلىق مەدەنىيىتىمىزدىكى ئالاھىدە تۈرلەرنىڭ بىرىدۇر.

5. ئۆيدە يالغۇز قېلىپ ياكى كىچىك باللىرى بىلەن
قالغاندا تۇيۇقسىز بىتاپ بولۇپ قالسا، ھەتتا ھامىلدار ئا-
ياللارنىڭ قورسىقى ئاغرىپ كەتسە دەرھال تەجرىبىلىك
قوشنىسىنى چاقىرتىدۇ. قوشنىلارمۇ ھەرقانچە زۆرۈر
ئىشى بولسىمۇ تاشلاپ، ئۇ ئىشقا جىددىي قاراپ يۈگۈ-
رۈپ كىرىپ قولىدىن كېلىشىچە ياردىمىنى ئايىماي چارە-
ئاماللارنى ئىزدەيدۇ، ئېغىرراق ياتقان بولسا دوختۇرخانى-
غا ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرۈتۈشكە ياردەملىشىدۇ، يەڭگىل-
رەك كېسەل بولسا دەرھال لازىملىق نەرسىلەرنى تەييار-
لاپ ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا تىرىشىدۇ، ئەگەر بىر
نەچچە كۈن يېتىپ قالغۇدەك بولسا ھەر كۈنلۈكى تاماق
ئېتىپ بېرىپ كېسىلنى باقىدۇ، ئۇششاق باللىرىنىڭ ھالى-
دىن خەۋەر ئالىدۇ، يوقلاپ كىرگەنلەرنى خۇددى ئۆزى-
نىڭ مېھمىنىنى كۈتكەندەك كۈتۈپ يولغا سالىدۇ.

قوشنىسى كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان بولسا
باشقا قوشنىلار ھەر قانچە يىراق بولسىمۇ دوختۇرخانىغا
بېرىپ يوقلايدۇ، ھەرگىزمۇ چىراينىڭ ناچارلاشقانلىقىنى،
كېسەلنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالمايدۇ.

6. كۈندە ئۇچرىشىپ سالاملىشىپ تۇرىدىغان قوش-
نىلاردىن بىرەرسى بىر - ئىككى كۈن يوقاپ كەتسە ئەن-
سىرەپ سۈرۈشتىسىنى قىلىشىدۇ ۋە ئۆيلىرىگە كىرىپ ئا-
لاھىدە ھال - ئەھۋال سورايدۇ، ئۆي ئىگىسىمۇ خۇددى
يىراقتىن كەلگەن ئەزىز مېھماننى كۈتۈۋالغاندەك ئاستىغا
كۆرپە سېلىپ، قولىغا سۇ بېرىپ داستىخان ھازىرلاپ،
چاي دەملەپ، بار نېمەتلىرى بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ،
شۇ ئارقىلىق رەھمىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

7. قوشنىسىنىڭ ئۆيىدە توي - تۆكۈن، ئۆلۈم -
يېتىم ئىشلىرى بولغاندا ئۆز ئىشىدەك بىلىپ باغاق تارقى-
تىدىغان، ئەتىگەندە سەھەر تۇرۇپ مېھمانلار كېلىشتىن
بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ ۋە شۇ قوشنىسىنىڭ ئىشىك ئالدىلىرى-
نى پاكىز سۈپۈرۈپ، سۇ سېپىپ ئادەتتىكى كۈنلەردىن
باشقىچە پاكىز مۇھىت يارىتىپ بېرىدىغان، باشقا مېھمان-
لاردىن بۇرۇن كىرىپ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىغا قارىشىپ
بېرىدىغان، يىراقنى يېقىن قىلىدىغان، ياخشى مەسلىھەتلەر-
نى بېرىدىغان، ئائىلە سايمانلىرى يېتىشمەي قالسا ئۆزى-
نىڭكىنى ۋە باشقا قوشنىلارنىڭكىنى يىغىپ تەڭ ئىشلىتىدى-
غان، مېھمانلارنى بىرلىكتە ئۇزىتىدىغان، يىراقتىن كەلگەن
مېھمانلىرى كۆپ بولسا ئۆيلىرىگە ئاچىقىپ قوندۇرىدى-
غان، ھاردۇق تاماقلىرىنى ئېتىپ ئەكىرىپ مەرىكە ئىگىسى-
گە ئىچكۈزىدىغان، مەرىكە ئاخىرلاشقاندا بولسا قوشنىلار
كىرىپ ھاردۇق سورايدىغان ئادەتلەر ئالاھىدە تىلغا ئې-
لىشقا ئەرزىيدىغان ئېسىل ئادەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

8. قوشنىسى مۇسىبەتلىك بولۇپ يىراقتا ئۆلۈم ئۇ-
زاتقىلى كەتكەن بولسا قوشنىلار ئۆزئارا يىغىلىپ ئارقىسى-
دىن بېرىپ پەتە ئوقۇيدۇ، ھال ئەھۋال سورايدۇ، بىر-
نەچچە كۈندىن كېيىن يەنى نەزىر ئاخىرلاشقاندا بېرىپ
يۆتكەپ ئەكىلىدۇ، قولى ئىشقا بارغۇچە ھەر كۈنى بىر
قوشنا تاماق ئېتىپ ئەكىرىپ ئىسسىقلىق بېرىدۇ.

9. بىرەر قوشنىسى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن باشقا جايغا
كۆچۈپ كەتكەن بولسا ئۆي كۆچۈش، يىغىشتۇرۇش ئىشلى-
رىغا ياردەملەشكەندىن سىرت، ئارقىسىدىن بېرىپ ھاردۇق
سورايدۇ ۋە يېڭى ئۆيىنى مۇبارەكلىشىدۇ. «كۆزدىن يىراق،
كۆڭۈلدىن يىراق» قىلماي پات - پات بېرىپ ئەھۋاللىشىپ
كېلىدۇ، شۇنداقلا ھەرقانداق ئىشلىرى بولسا خۇددى بۇ-
رۇنقىدەكلا ئىزدىشىپ مەرىكىلەرگە چاقىرىشىپ بىللە بېرى-
شىدۇ، ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتمەيدۇ.

10. قوشنىلارنىڭ باللىرى جېدەللىشىپ قالغان
بولسا ئاتا - ئانا بولغۇچىلار ئالدىراپ بالا ئارىسىغا كىر-
مەيدۇ، خېلى ئېغىر زەخىملىنىش كېلىپ چىققان بولسىمۇ،
چاندۇرماي داۋالىتىپ ساقايتىۋالىدۇ، قارشى تەرەپمۇ خە-
جىللىقنى بىلدۈرۈپ بىرلىكتە داۋالىتىپ، كۈندە ئەھۋال
سوراپ تۇرىدۇ ۋە باللىرىغا تەربىيە بېرىپ ئۆزئارا ئەپلە-
شىپ ئويناشقا دەۋەت قىلىشىدۇ.

11. قوشنىلار مەيلى باشقا مىللەتتىن بولسۇن، مەيلى
باشقا يۇرتلاردىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولسۇن قوشنى-
دارچىلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ، يۇرتۋاز-
لىق قىلمايدۇ، قېرىنداش مىللەتلەر بولسا ئۇلارنىڭ مىللىي
ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ھۆرمەت قىلغان ئاساستا مۇئامىلە قى-
لىدۇ، گەپ - سۆزدە ئېھتىيات قىلىشىدۇ.

12. تونۇرغا نان ياقماقچى بولغانلىرىدا ياكى
چوڭراق مەرىكىلەرنىڭ تەييارلىقلىرىنى قىلغاندا ئەتراپتىكى
بارلىق قوشنىلار بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ قىلىشىپ بېرىدۇ،
تونۇر بېشىدا مۇڭداشقاچ، نان ئېچىشىپ، نان ياقالمايدى-
غانلارغا يېقىشىپ بېرىپ، بىر - بىرىگە ئىسسىق نان سۇ-
نۇشۇپ بارنى تەڭ كۆرۈپ ئۆتىدۇ.

13. روزا ھېيت، قۇربان ھېيت، نورۇز بايراملىرىدا

ئەڭ ئاۋۋال ئاتا ـ ئانىلارنى، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ قەبرىلىرىنى يوقلاپ كىلىپلا تۇنجى بولۇپ يېقىن قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە پەتە قىلىپ كىرىدۇ. بىر نەچچە قوشنىلار يىغىلىپ باشقا قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە پەتە ئوقۇپ كىرىدۇ، چوڭلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بالىلىرىنىڭمۇ ھېيتلىرىنى تەبرىكلەپ ھېيتلىق بېرىپ كىچىكلەرنىمۇ خۇش قىلىدۇ. جامائەت سورۇنلىرىدىمۇ يېقىن قوشنىلار ئۆزئارا ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلىشىپ ئولتۇرىدۇ.

14. ئۆيلىمىغان يەردىن كىلىشمەسلىك بولۇپ قوشنىسىنىڭ ئېغىر كۈنگە قالغانلىقىنى سەزگەندە قۇربىتىنىڭ يېتىشىچە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم قولىنى سېخىيلىق بىلەن سۇنۇشىدۇ، پۇل قەرز بېرىپ تۇرغان بولسا قايتۇرالمىغۇدەك ھالدىكىلەرنى قەرزنى سۈيلەپ خىجالەت قىلمايدۇ، قوشنىلار ئىچىدە پېقىر، يېتىم كىشىلەر بولسا بېشىنى سىلاپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۆيلىنەلمىگەنلەرنى ئۆيلەپ، ئۆيى يوقلارنىڭ ئۆي سېلىۋېلىشىغا ياردەملىشىدۇ.

15. قوشنىسى يىراق سەپەرگە ئاتلانماقچى بولۇپ خوشلىشىپ كىرسە يولدا كېرەكلىك نەرسە ـ كېرەك ۋە يېمەكلىك بىلەن چىرايلىق ئىززەتلەپ يوللۇق تۇتۇپ، ياخشى تىلەكلەر بىلەن ئۇزىتىپ يولغا سالىدۇ، قايتىپ كەلگەندە ئالاھىدە ئىسسىقلىق ئېلىپ ھاردۇق سوراپ كىرىدۇ ياكى تاماق ئېتىپ ئۆيىگە چاقىرىۋالىدۇ.

16. تېرىلغۇ ۋە ئورام ـ يىغىم مەزگىللىرىدە ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشلىرى، سۇ تۇتۇپ قويۇش، تېرىش، يىغىۋېلىش، كۆچەت تىكىپ باغ ئەھيا قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا قوشنىلار بىرلىشىپ بىر ئائىلىنىڭ ئىشىنى تۈگىتىپ بولۇپ يەنە بىر ئائىلىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىدۇ.

مانا بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنىدارچىلىقتىكى ئېسىل ئادەتلىرىدۇر.

تەرەققىياتقا ئەگىشىپ ھازىرقى ئۆيلىرىمىز قەۋەتلىك بىنالارغا مەركەزلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە يۇقىرىقى ئادەتلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ساغلام ھالەتتە ساقلىنىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ، تېخىمۇ ياخشى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە مۇشۇنداق ئېسىل خىسلەتلىرىمىزنى يوقاتماي گۈزەل، ئىناق، ئىتتىپاق بولغان يېقىن قوشنىدارچىلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ ئۆتۈشىمىز لازىم.

بەزى كىشىلەر تورغاي، شاتۇت، كەكلىك، كەپتەر قاتارلىق يېقىملىق سايراپ تۇرىدىغان قۇشلارنى بېقىپ قەپەسلىرىنى بارىڭ ئاستىغا ئېسىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ تاڭ سەھەردىن باشلاپلا چاڭىلداپ سايراپ تۇرۇشىدىن ھوزۇرلىنىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە كەپتەرخانا ياساپ كەپتەر ئۇچۇرۇتىدىغانلارمۇ كۆپ. ھەرقانداق كىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنە شۇنداق گۈزەل ھويلا ـ ئاراملىرىغا كىرىپ قالسا خۇددى رەڭدار تەبىئەت دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك بىر خىل يېقىملىق، گۈزەل، راھەت ـ بەخش تۇيغۇغا چۆمىدۇ.

تال باراڭلىق ھويلا ـ ئاراملار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخ جەريانىدا بەرپا قىلغان مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ يارقىن نامايەندىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەت، ئەقىل ـ پاراستى، مەدەنىيىتى، ئېسىل تۇرمۇش ئادەت ئۇدۇملىرىنىڭ شاھىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا ـ ئارام مەدەنىيىتى قەدىمكى زاماندىلا مەيدانغا كەلگەن ئېسىل ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى.

خەلقىمىزنىڭ بۇ خىل ئۇزاق دەۋرلىك، ئەنئەنىۋى باغ ـ ۋارانلىق ھويلا ـ ئاراملىرى مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل مىراسى، مەدەنىيىتى، تەۋەررۈكى.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا ـ ئارام مەدەنىيىتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، كىشىگە ئالاھىدە مەنىۋى زوق بېغىشلايدىغان ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇننى تۇتىدۇ.

پايدىلانمىلار:
1. ئابدۇكېرىم راخمان «ئۇيغۇر فولكلورىدىن بايان» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى)، 1989 ـ يىل نەشرى.
2. ئابدۇكېرىم راخمان «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى».
3. مۇھەممەد تۇرسۇن ھەسەن «خەلقىمىزدە ھويلا ـ ئارام» «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى.
4. ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر قەشقەرى «ھويلا ـ ئاراملار باغ ـ ۋاران، دىللار ھۇزۇرلۇق شادىمان» «جۇڭگو مىللەتلىرى» 2008 ـ يىل 6 ـ سان.
5. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا)



# خەتتاتلىق — گۈزەللىكنىڭ ئەينىكى

شۆھرەت پازىل

مەشھۇر خەتتات نىياز كېرىم شەرقىي: «خەتتاتلىق — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل بايلىقى. ئۇ قەدىمدىن بۈگۈنگىچە ئۆزىنىڭ گۈزەل رۇخسارىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان، سەنئەت ساھەسىدىكى ئالىيجاناب، ئىززەتلىك، جۇلالىق ھەمدە يارقىن نامايەندە. ئۇ پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يۈكسەك روھىي دۇنياسى بىلەن تېرەن مەدەنىيەت قاتلىمىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، شاخلىرى بۈك - باراقسان بوستانلىقتۇر. ئۇنىڭدىن خۇشبۇي بىلىم پۇراپ تۇرىدۇ، قويۇق مىللىي خاسلىق چاقناپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۇ مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدۇ»، دەپ ئېيتقانىدەك، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى ئۆزىنىڭ نەپىس ۋە كۆركەملىكى، ئىپادىلەش جەھەتتىكى گۈزەللىكى، شۇنداقلا مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئالاھىدە بىر سەنئەت ئابىدىسى. كۆركەم شەكىل، مەزمۇنلۇق سۆز - جۈملىلەر بىلەن يېزىلغان ھەرقانداق بىر ھۆسنخەت ئەسىرىدىن ئۆزگىچە لاتاپەت، گۈزەللىك چاقنايدۇ. خەتتاتلىق سەنئىتى ئەمەلىيەتتە بىر مىللەتنىڭ مىللىي تىل - يېزىقىنى سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنلىكىنىڭ، شۇنداقلا مىللىي خاسلىقنى نامايان قىلغانلىقىنىڭ تۈپ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. تارىختىن بۇيان، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، تالايلىغان مەشھۇر خەتتاتلار يېتىشىپ چىقىپ، تىل - يېزىقىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى جەۋلان قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى سەنئەت تۈرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ كونا، تارىخى ئۇزاق سەنئەت شەكلى

بولۇش سۈپىتى بىلەن تېخىمۇ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بىر بۆلۈك ئۈمىدلىك خەتتاتلىرىمىز مەيدانغا كېلىپ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ تېخىمۇ كەڭ تەرەققىي قىلىشىغا زېمىن ھازىرلىدى.

يېقىندا شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى ئولىمپىك تەنتەربىيە يىغىنىغا بېغىشلاپ تۈزگەن «شىنجاڭ ئوتتۇرا ياش ۋە ياش خەتتاتلار ھۆسنخەت ئەسەرلىرى» توپلىمىنى شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى. بۇ توپلام ئون كىتابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، دىيارىمىزدا كۆزگە كۆرۈنگەنلەردىن نىياز كېرىم شەرقى، قاينام جاپپار، جارقىن زامانبېك، ئابدۇقېيۇم، تاش، ئىبلېكىم زۇنۇن جەۋلانى، مەۋلان نىياز قاتارلىق ئون نەپەر خەتتاتنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى ئايرىم - ئايرىم كىتاب قىلىنىپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىگە، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىز مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشۇلغان بىر تۆھپە ھېسابلىنىدۇ. بۇ توپلامغا خەتتاتلارنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يازغان ئەسىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ خەتلەر شەكلىنىڭ كۆركەملىكى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئاپتورلار ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ تۈر ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ كۆركەم، نەپىس، گۈزەل، شەكىلچان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق نامايان قىلغان. توپلامدىكى ھەربىر خەتكە تەپسىلىي نەزەر سالىدىغان بولساق، خەتتاتلارنىڭ يېزىش ماھارىتىگىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ ئەسەر مەزمۇنىغا ئاساسەن خەت نۇسخىلىرىنى تاللاش ئىقتىدارىغىمۇ قايىل بولماي تۇرالمايمىز. بۇ توپلام تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئالاھىدىلىكى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ:

بىرىنچى، بۇ توپلامدا ئاپتورلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان ماقال - تەمسىللەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغاندىن سىرت، يەنە خەلقىمىزنىڭ ھۆرمەت تۆرىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە شائىرلاردىن مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىقلارنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر بىلەن تويۇنغان ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى، شېئىرلىرىدىن پارچىلارنى، ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى مەشھۇر ئەدىب، شائىرلىرىمىزدىن لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيېف، ماخمۇتجان ئىسلام، ئابدۇقادىر جالالىدىن قاتارلىقلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق شېئىرلىرى ۋە رۇبائىيلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئىنتايىن چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىنغان.

ئىككىنچى، ئاپتورلار بۇ توپلامدا ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ شەكلى كۆركەم، ئىپادىلەش كۈچى خىلمۇخىل بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ كىتابنىڭ ئوقۇشچانلىقىنى ئاشۇرغان. توپلامدىكى ھەر بىر پارچە خەتكە ئەستايىدىل نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى تۈز خەت، سۇلۇس خەت، رۇقئىي خەت، كۇفىي خەت، تەئلىق خەت، نەسخى خەت، دىۋانى خەت، تەۋئەم خەت شەكىللىرىنىڭ ئۆزگىچە ماھارەتتە جەۋلان قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز ۋە قايىل بولىمىز. بۇ خەتلەر باسما ۋە يازما شەكىللەردە ئىنتايىن يۇقىرى ماھارەت بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ سېھرىي قۇدرىتىنى ھەقىقىي نامايان قىلغان.

ئۈچىنچى، ئاپتورلار توپلامدىكى ھەر بىر پارچە خەتكە ماس كېلىدىغان گۈل - نەقىشلەرنى تاللاپ ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇر نەققاشچىلىق سەنئىتىنىڭمۇ خاس ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغان. بۇ گۈل - نەقىشلەر توپلامدىكى ھەر بىر پارچە خەتنىڭ مىللىيلىكىنى ئاشۇرۇپ، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ خاسلىقىنى نامايان قىلغان.

دېمەك، بۇ توپلامدىكى ھەر بىر پارچە خەت ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس لاتاپىتىنى، گۈزەللىكىنى، نەپىسلىكىنى ئۆزىدە ھەقىقىي نامايان قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسى ئۈچۈن ئىزدەنگۈچىلەرگە قىممەتلىك پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ.

(ئاپتور: قاراماي شەھەرلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدا)




هايۋانلار دۇنياسىدا قۇرت تۇرىدىكى جانلىقلارنىڭ
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ھادىسىسى ئانچە كۆپ ئۇچرىمە-
سىمۇ، دەرىجىلىك هايۋانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىدى-
كى ئىچكى ئامىل ئادەمنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ.
بىئولوگلار مەيلى تەبىئىي شارائىت ياكى تەجرىبىخانا
شارائىتىدا بولسۇن، چايانلارنىڭ ئوتتىن ئۆلگىدەك قور-
قىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇلار دالىدا ئوتقا يولۇقسا، شۇ
ھامان ئۆزىنى تاشلارنىڭ دالدىسىغا، يوپۇرماقلارنىڭ ئاس-
تىغا يوشۇرىدىكەن ياكى بولمىسا تۆشۈك، ئورەكلەرگە
كىرىۋېلىپ، زادى چىققىلى ئۇنىمايدىكەن. مۇبادا چوڭ
يانغىنغا دۇچ كېلىپ قالسا، قۇيرۇقىنى پۈتۈن كۈچى
بىلەن ئېگىپ، دۈمبىسىگە قاتتىق ئۇرۇپ، ئۆلۈۋالىدى-
كەن.

بەزىلەر چايانىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ھادىسىسى-
نى تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن، يەنى
قەدىمكى ئەجدادلىرىدىن ئۇلارغا ئوت- يالقۇندىن ۋەھىمە
ھېس قىلىش ئىرسىيەت قالغان، دېيىشىدۇ. بەزىلەر بۇ قا-
راشقا باشقىچىرەك پىكىردە بولىدۇ، مەسىلەن، ئاناتومىيە
ئالىملىرى بىلەن بىئوخىمىيە ئالىملىرى چايانلارنىڭ ئۆزىد-
گە ئۆزى نەشتەر ئۇرۇپ ئۆلۈۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس،
دەپ قارايدۇ؛ يەنە بەزىلەر چايانلار قاراڭغۇ ھەم نەم
جايلاردا ياشاشقا ئادەتلەنگەن. شۇڭا يورۇقلۇق بىلەن
ئۇچراشقان ھامان نەشتىرىنى ئېگىپ، ئۆزىنى ئۆزى
چاققان ساختا كۆرۈنۈشنى پەيدا قىلىپ، يالغاندىن ئۆلۈ-
ۋالغان بولىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆز ھاياتىنى
ساقلاپ قېلىشىغا پايدىلىق، دەپ قارايدۇ.

نورۋېگىيىگە قاراشلىق ئېگىز ھەم سوغۇق بىر رايون-
دا بىر خىل غەلىتە چاشقانلار ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ تېرىسى
توق بېغىررەك بولۇپ، تۈكلىرى ئارىسىدا ئاق چېكىتتەك
يول- يول سىزىقلار بار. گەۋدىسى مۈشتۇمچىلىك كېلىدۇ.
بۇ چاشقانلارنىڭ يۆتكىلىپ ياشايدىغان ئادىتى بولغاچقا،
كىشىلەر ئۇلارنى «شىمالىي ياۋروپالىق ساياھەتچى چاش-



قانلار» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ چاشقانلارنىڭ كىشىلەرنى
ھەيران قالدۇرىدىغىنى ئۇلارنىڭ ھەر ئۇچ، تۆت يىلدا
بىر قېتىم نورۋېگىيىنىڭ دېڭىز ساھىلىدا كوللېكتىپ ئۆلۈۋ.
ۋېلىشى، ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى تۇنجى
قېتىم كۆرگەن كىشىلەر قالدۇرغان يازما خاتىرىدىن
تارتىپ ھېسابلىغاندىمۇ ھازىرغا قەدەر 100 يىلدىن
ئارتۇق ۋاقىت بولدى. بۇ ھادىسە يېقىنقى ۋاقىتقىچە قانۇ.
نىيەتلىك تەكرار داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇ ھادىسىلەر
گەرچە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلگەن بول.
سىمۇ، بىراق ھازىرغىچە ئادەمنى قانائەتلەندۇرگىدەك
مۇكەممەل جاۋابقا ئېرىشەلمىدى.

بەزىلەر يۈتكىلىپ ياشاش بۇ «ساياھەتچى چاشقان.
لار»نىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتلەندۇرۇش ئۇچۇن
قوللانغان بىر خىل ھاياتلىق ۋاستىسى دەپ قارايدۇ. بۇ.
نىڭدىن بىر مىليون يىللار ئىلگىرى ئۇلار بالتىق دېڭىزى
ۋە شىمالىي دېڭىزدىن ئۇدۇلدىكى قۇرۇقلۇققا بېرىپ، پا.
ناھلىنىش ئۇچۇن سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتمەكچى بولغان. ئۇ
چاغلاردىكى دېڭىز بوغۇزى خېلىلا تار بولغاچقا، ئۈزۈپ
ئۆتۈش ئاسانغا توختىغان؛ بىراق، كېيىنچە تەبىئەت دۇنيا.
سىدا خېلى كۆپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، بالتىق دېڭى.
زى ۋە شىمالىي دېڭىزنىڭ دېڭىز يۈزىدە ئۆزگىرىش يۈز
بېرىپ تار دېڭىز بوغۇزى بارغانچە كېڭىيىپ كەتكەن.
دولقۇنلار شىددەتلىك ئۆركەشلەپ، چاشقانلارنىڭ قارشى
قىرغاققا ئۈزۈپ ئۆتۈش نىيىتى بىراقلا كۆپۈككە ئايلان.
غان. بىراق ئۇلار، ئەجدادلىرىدىن قالغان كونا ئادىتى بو.
يىچە غەيرىتى ئۇرغىغان ھالدا قارشى قىرغاققا ئۈزۈپ
ئۆتۈش ئارزۇسىدىن ئەسلا ۋاز كەچمىگەن. ئۇلار ھېچبىر
ئىككىلەنمەستىن دېڭىزدا كۆتۈرۈلگەن شىددەتلىك دولقۇن.
لار بىلەن ئېلىشىشقا نىيەت قىلىپ، قارشى قىرغاققا
ئۆتۈش ئۇچۇن دېڭىزغا سەكرىگەن بولسىمۇ، ئەمما دول.
قۇنلار ئۇستىدىن غالىب كېلىشكە چامى يەتمىگەچكە ئاخى.
رىدا تۈركۈم-تۈركۈملەپ جېنىدىن ئايرىلغان.

مۇنداق كەڭ دائىرىدىكى كوللېكتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈ.
رۈۋېلىش ھادىسىسىگە قارىتا يۇقىرىقىدەك چۈشەنچە بې.
رىشنىڭ ئۆزى كىشىلەرنىڭ: ئۇنداقتا «ساياھەتچى چاش.
قانلار» ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇنداق پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتلىرى.
دىن نېمىشقا ساۋاق ئالمىغان؟ نېمىشقا باشقا بىر نىشاننى
ئىزدىمىگەن؟ دېگەندەك گۇمانلىق سوئاللىرىغا ھەرگىز
جاۋاب بېرىلمەيدۇ.

يەنە بەزى كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى ساياھەتچى چاشقان.
لارنىڭ دېڭىزغا سەكرەپ ھالاك بولۇشى ھايۋانلار دۇنيا.
سىدىكى «پىلانلىق تۇغۇت» ۋاستىسىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈ.
رۈلۈشىدۇر. چۈنكى، بۇ خىل چاشقانلارنىڭ نەسىل قال.
دۇرۇش ئىقتىدارى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئومۇمىي سا.
نىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدىغان چىشى چاشقانلار ھەر قېتىم.
لىق كۆپىيىش مەزگىلىدە بىرسى بىر نەچچىگە تەرەققىي
قىلىدۇ. «چاشقانلارنىڭ پارتلاش خاراكتېرىدە كۆپىيىشى»
نەتىجىسىدە ئۇلار تۇرۇۋاتقان جايلاردا ئوزۇق يېتىشمەس.
لىك قەھەتچىلىكى يۈز بېرىپ، بۇ چاشقانلار ياشاۋاتقان
مۇھىتنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى قاتتىق بۇزغۇنچىلىق.
قا ئۇچرىغان؛ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان تەڭپۇڭلۇق.
نى ساقلاش ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىتقا ماسلى.
شىپ ياشاش ئىقتىدارىنى ھازىرلىيالمىغان چاشقانلار ئىختى.
يارىي ھالدا كوللېكتىپ ئۆلۈۋېلىش ۋاستىسىنى تاللىۋېلىش.



قان، دەپ چۈشەندۈرمەكچى بولۇشىدۇ. ئەگەر بۇ ئەھۋاللار راست بولىدىغان بولسا ئىنسانىيەت 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئۆز تۇرداشلىرى ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان بۇ چاشقانلارنىڭ جاسارىتىگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈشى كېرەك. ئىنسانىيەت بۇ سىرلارنىڭ بالدۇرراق يېشىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

بىزدە ھەمىشە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان: «ئادەملەر بايلىقنى دەپ ئۆلىدۇ، قۇشلار بولسا ئوزۇقلۇقنى دەپ ئۆلىدۇ»، دەيدىغان بىر سۆز بار. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، جېنىدىن تويۇپ، ھاياتتىن كېچىش دېگەنلەرنىڭ قۇش تۇرلىرى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. چۈنكى، بىزنىڭ تەسىراتىمىزدا بۇ قۇشلارنىڭ ھەممىسى جۇشقۇن، چۇرۇقلاپ سايرىشىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، پەرۋاز قىلالايدىغان ئاسمان ئەركىلىرى تۇرسا، ئۇلار قانداقلارچە ئۆزىنى ھالاك قىلىش يولىنى تاللىۋالىدۇ؟

بۇنىڭدىن خېلى زامانلار ئىلگىرى يامغۇر يېغىۋاتقان بىر ئاخشىمى ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى بىر كەنتتە دېھقانلار ئىنتايىن جىددىيلەشكەن ھالدا مەشئەللەرنى كۆتۈرۈشۈپ، يېتىپ كەتكەن سۇ كالىسىنى ئىزدەشكە چىققاندا، ئۇشتۇمتۇت ناھايىتى كۆپ قۇشلارنىڭ ئۆزلىرى كۆتۈرۈۋالغان مەشئەللەرنىڭ يورۇقى تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ دۇرۇلدەپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ قۇشلار لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان مەشئەل يالقۇنلىرىغا ئۇرۇلۇپ كەينى-كەينىدىن يەرگە پوكۇلداپ چۈشۈشكە باشلايدۇ. بۇ دەل مۇشۇ جايدا ئاشلىق ئۆكسۈپ قېلىپ، كەنتتىكىلەر ئاچ-زېرىن ياشاۋاتقان چاغلار ئىدى. ئۇلار ئۆز قانىتى بىلەن ئىشىك ئالدىغا ئۇچۇپ كەلگەن بۇ قۇشلارنى كۆرۈپ، بىر ۋاخلىق مەززىلىك تاماقتىن ھوزۇرلىنىش پەيتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىپ، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشاللىققا چۆمىدۇ. ئەنە شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇلار ھەر يىلى شامال چىقىپ، يامغۇر ياغقان مەزگىللەردە مەشئەللەرنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ، ئۆز قورۇلىرىدا قۇشلارنىڭ ئىشىك ئالدىغا ئۇچۇپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىغان بولۇشىدۇ. قۇشلارنىڭ كوللېكتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتەك دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان ھادىسىلەرنىڭ سىرىنى 100 يىلدىن بۇيان ھېچكىممۇ پەقەت چۈشىنىپ يېتەلمىدى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى ھىندىستان ھايۋاناتلار تەتقىقات ئورنى بىلەن ئاراما شتاتى ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇش تۇرىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىدىكى سىرلارنى يېشىپ چىقىش ئۈچۈن كەنت ئەتراپىغا قۇش تۇرلىرى مەركىزىنى قۇرۇپ، ناھايىتى ئېگىز بىر كۆزىتىش مۇنارىنى ياسايدۇ. ئۇلار بۇ كەنتكە ئۇچۇپ كېلىپ، ئۆلۈۋېلىش يولىنى تاللىغان قۇش تۇرلىرىنىڭ 20 خىلغا يېتىدىغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاق قوتان، تۇرالغۇ شاھى، پاختەك، تۆمۈر تۇمشۇق ۋە تۆت خىل كۆك تارغاق (بېلىقچى قۇش)، يەنە ئىسمى نامەلۇم بولغان نۇرغۇن قۇشلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ بۇ تۇرلەرنى يىغىۋالدى.

كۆزىتىش مەركىزى بۇ جايدا يەنە قۇش تۇرلىرى كۇتۇپخانىسى ۋە قۇش تۇرلىرىنى بېقىش فېرمىسى قۇرۇپ چىقىپ، بۇ يەرگە ئۇچۇپ كېلىپ تىرىك قالغان قۇشلارنى يىغىۋېلىپ باقماقچى بولىدۇ. غەلىتە يېرى شۇكى، ئۆلۈۋېلىش نىيىتىدە بۇ يەرگە ئۇچۇپ كەلگەن قۇشلار دان يېيىش ۋە سۇ ئىچىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتە-ئۆتمەي ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ قالىدۇ.

بەزى كىشىلەر بۇ ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ئېھتىمال مۇشۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. پەلەكنى قاپلىغان قاراڭغۇلۇق، ئىنتايىن زىچ بۇلۇت قاتلىمى ۋە قويۇق تۇمان، كۈچلۈك يۆنىلىشلىك شامالدا يېغىۋاتقان يامغۇر قاتارلىقلار بۇ خىل قۇش تۇرلىرىنىڭ نۇر (يەنى مەشئەللەر نۇرى) بىلەن ئېزىقتۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرسى بولسا كېرەك. ئۇنداقتا، بۇ قۇش تۇرلىرى زادى قايسى تەرەپتىن كەلگەن؟ ئۇلارنىڭ نۇرنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچراپ، ئۆزلىرىنى ئەنە شۇنداق ھالەتتە يالقۇنغا ئۇرۇپ ئۆلۈۋېلىشى زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئۆزلىرى خالاپ بۇ تەرەپكە ئۇچۇپ كەلگەن قۇشلار نېمىشقا دان يېيىشنى رەت قىلىدۇ؟... قارىغاندا مەسىلىلەرگە يۇقىرىقىدەك چۈشەنچە بېرىشلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ قۇشلارنىڭ كوللېكتىپ ئۆلۈۋېلىش ھادىسىلىرى سىرلىرىنى ئىلمىي رەۋىشتە يېشىپ بېرىش تەلىپىدىن خېلى يىراقتا تۇرغاندەك قىلىدۇ.

«ئىلىم-پەن» ژۇرنىلىنىڭ 2006-يىللىق ئالاھىدە سانى «دۇنيادىكى يېشىلمىگەن سىرلار» ناملىق توپلامدىن:

ئېرشادىي تەرجىمىسى



# ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىقچىلىق ئىگىلىكى

ئابدۇقەييۇم مىجىت

**1. مۇقەددىمە**

بېلىقچىلىق — دەريا، كۆل، ساھىل، دېڭىزلاردا سۇ جانىۋارلىرىنى بېقىش، تۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىشتەك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پەيدا بولۇشقا باشلىغان. كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، كىشىلەر يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنى ئوۋلاپلا قالماستىن، بەلكى سۆڭەكتىن ياسالغان نەيزە، ئارا ۋە قارماق قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ دەريا، كۆللەردىن بېلىقلارنى تۇتۇپ، ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بېلىقچىلىقنىمۇ ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگەن. ئىپتىدائىي ئىنسانلار بېلىقچىلىقنى ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىكى بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى قىلغان. كېيىنكى دەۋرلەردە باشقا ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەم ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلىگە ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، بېلىقچىلىقنىڭ ھەرخىل ئىگىلىك شەكىللىرى ئىچىدىكى ئورنى قوشۇمچە ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ بېلىقنى ئوزۇقلۇق قىلىش ئېھتىياجى يەنىلا بېلىقچىلىقنىڭ تالاي ئەسىرلەردىن بېرى ئۈزۈلۈپ قالماي، سىجىل داۋاملىشىپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ كەلگەن. بېلىقچىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ قۇرغاق رايوندا شەكىللەندۈرگەن بىر خىل ئالاھىدە ئىگىلىك شەكلىدۇر. كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەر تەرمىچىلىك، دەريا بېلىقلىرىنى تۇتۇش ۋە نەسلى قۇرۇپ كەتكەن ياكى قۇرۇمىغان ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىغان①. شىنجاڭنىڭ بېلىقچىلىقى جۇغراپىيىلىك شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن تاقىم ئارال، يېرىم ئارال ۋە دېڭىز بويى رايونلىرىدىكىدەك كەسپلىشىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن

ئۇيغۇر خەلقى يەكەن دەرياسى، زەرەپشان دەرياسى،
تىزناپ دەرياسى، قەشقەر دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى،
تارىم دەرياسى، ئىلى دەرياسى، يەتتە سۇ ۋادىسى ۋە
لوپنۇر كۆلى، باغراش كۆلى، سايرام كۆلى قاتارلىق دەريا
ۋە كۆللەرنى بويلاپ، ئۆزىنىڭ ئەۋزەل شارائىتىدىن پاي-
دىلىنىپ بېلىقچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن
ۋە بېلىق تۇتىدىغان قورال-سايمان، ئۇسۇللارنى ئىجاد
قىلغان ھەمدە ئۆزگىچە بېلىق ئىستېمال ئادىتى، ئىشەنچ
ۋە چۈشەنچىلەرنى، ئۆرپ-ئادەت تۈسى قويۇق بولغان
پەرھىزلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇرلار سۇ مەھسۇلات-
لىرى ئىچىدە بېلىقنى ئەڭ كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ. بېلىق
سۇدا ياشايدىغان بولغاچقا، بېلىقچىلىق كەسپىنى تەرەققىي
قىلدۇرۇش سۇ مەنبەسى ئەۋزەللىكى بولۇشنى تەلەپ قى-
لىدۇ. ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىكى بېلىق ۋە بېلىقچى-
لىققا ئائىت بايانلارنىڭ كۆپلۈكى ۋە قەدىمىيلىكى ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش، بېلىق ئىستېمال
قىلىش ئادىتى تارىخىنىڭ خېلى ئۇزاق ئىكەنلىكىنى دەلىل-
لەيدۇ. مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (تۆ-
ۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دەپلا ئاتىلىدۇ) تە بېلىق،
بېلىق تۈرلىرى، بېلىق تۇتۇش سايمانلىرى ۋە ئۇسۇللى-
رى توغرۇلۇق ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان.
مەسىلەن، «دىۋان»دا: «ئەتىل — ئېدىل (ۋولگا).
قىپچاق ئېلىدىكى بىر دەريانىڭ نامى. بۇ دەريا بۇلغار
(كاسپىي) دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ؛ بىر تارمىقى رۇس ئېلىدىن
ئېقىپ كېلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

ئەتىل سۇۋى ئاقا تۇرۇر،
قىيا تۈبى قاقا تۇرۇر.
بالىق، تەلىم باقا تۇرۇر،
كۆلۈك تاقى كۆشەرۇر.
[ئېدىل سۈيى ئېقىپ تۇرار،
قىيالارنىڭ تۈۋىگە سوقۇپ تۇرار،
بېلىق، پاقا تولۇپ تۇرار،
كۆلچەك تېخى تېشىپ تۇرار.]

ئېدىل دەرياسى تاغ قىيالىرىغا ئۇرۇلۇپ ئاقماقتا،
دەريا سۈيىنىڭ تېشىشىدىن پەيدا بولغان كۆلچەكلەردە
بېلىق ۋە پاقىلار كۆپەيمەكتە.» (1-100)؛ «بالىق —
بېلىق. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: بالىق سۇۋدا كۆزى
تاشتىن-بېلىق. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: بالىق سۇۋدا
كۆزى تاشتىن-بېلىق ئۆزى سۇدا، كۆزى تاشقىرىدا...»
(1-491)؛ «بالىقلىغ — بالىقلىغ ئۆگۈز-بېلىقلىق دەريا،
بېلىقى بار دەريا.» (1-648)؛ «سىزرىلدى — سىيرىلدى-
سىيرىلدى. بالىق ئەلىكدىن سىزرىلدى-بېلىق قولدىن سى-
رىلدى. ھەرقانداق بىر سىلىق نەرسىنىڭ قولدىن ياكى
باشقا نەرسىدىن سىيرىلىشىغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ...» (2-
335)؛ «بالىقلاندى — بېلىقلاندى. كۆل بالىقلاندى-
كۆل بېلىقلاندى. بېلىقلىق بولدى.» (2-384)؛ «بالىقسا-
دى — بېلىقسىرىدى، بېلىق يېگۈسى كەلدى. ئەر بالىقسا-
دى-ئادەم بېلىقسىرىدى (بالىقسار-بالىقساماق).» (3-
456)... دېيىلگەن. مەھمۇد كاشغەرى 15 يىل تىل تەك-
شۈرۈش جەريانىدا تۈركىي تىللىق قەبىلە-قوۋملارنىڭ
شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن-ئاياغ كېزىپ چىقىپ
ئۇلارنىڭ دەريا، كۆللىرىدىكى سۇ جانلىقلىرىغىمۇ دىققەت
قىلغان ھەم ئۇلارنى خاتىرىلىگەن. قاراخانىلار سۇلالىسى
دەۋرىدە بېلىقچىلىق ئىگىلىكى خېلى تەرەققىي قىلغان
بولۇپ، «... ئىلى دەرياسى، چۇ دەرياسى، تالاس دەريا-
سى، سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا بېلىق تۇتۇلاتتى،
بېلىقچىلىق ئىشلىرى سۇلالىنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىدىمۇ مۇ-
ئەييەن ئورۇنغا ئىگە ئىدى» ②. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ
باشلىرىدا گېرمانىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ئالبېرت. فون.
لىكوك ئىككىنچى قېتىم ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىل-
لەپ شىنجاڭغا كەلگەندىكى تەكشۈرۈش خاتىرىسىدە،
«پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىككى جايدىكى خەلقلەر
دائىم بېلىق يەيتتى، بىرى بارچۇقنىڭ (مارالبېشى ئەتراپى)
بولۇپ، تارىم دەرياسىدا بېلىق كۆپ ئىدى، يەرلىك دو-
لانلارنىڭ دائىملىق تامىقى ئىدى. يەنە بىرى، لوپنۇر ئەت-
راپى بولۇپ، بېلىق يەرلىكلەرنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى
ئىدى. ئۇلار بېلىقنى يېڭى ۋاقتىدىلا تازىلاپ پىشۇرۇپ
يەيتتى ياكى قۇرۇتقاندىن كېيىن يەيتتى» ③ دەيدۇ.
يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىكى دىيارىمىزنىڭ بېلىقچىلىقى
ھەققىدىكى بايانلارنىڭ چىنلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەك-
شۈرۈش ۋە بايقاشلارمۇ تولۇق دەلىللەيدۇ. مەسىلەن،
«2008-يىلى لوپنۇر رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولو-
گىيىلىك تەكشۈرۈشتە تېپىلغان كۆلنىڭ شەرقىدىكى لوپنۇر-
لۇقلار كەنتىدە يېڭى خارابىلىك بايقالغان. بۇ يېڭى مەھەل-
لە خارابىلىكىدە بېلىق تورىنىڭ قالدۇقلىرىمۇ بايقالغان» ④.
روسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى پىرژېۋالسكىي 1885-يىلى



6 ـ ئايلاردا خوتەندە قىلغان تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى-
دىن قالدۇرغان خاتىرىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «تەۋەككۇل
كەنتىنىڭ يېنىدا ئىنتايىن چوڭقۇر بىر كۆل بار ئىكەن، سۇ
ئۈستىدە بىر قىسىم ياۋا ئۆردەك، غاز ۋە قارا پوكان
تۇرنا، سۇ ئاستىدا نۇرغۇنلىغان چوڭ بېلىقلار بار
ئىكەن» ⑤. پېرژېۋالسكىينىڭ بۇ بايانى خوتەندىكى
دەريا، كۆللەردىمۇ بېلىق تۈرلىرىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى
ئىپادىلەيدۇ. دوكتور ئەسەت سۇلايمان «ئۇنتۇلغان ھېكا-
يە: كۆچمە كۆل ۋە لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھايات شەجەرىسى»
ناملىق ماقالىسىدە لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقچىلىق ھاياتى
ھەققىدە توختىلىپ: «كۆل، قومۇش، قېيىق، قارماق،
ساتما ۋە بېلىق پۇرىقى... مانا بۇلار ئۇلارنىڭ ھايات مە-
ئىشىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىدى. ئۇلار دىماقنى يار-
غۇدەك ئاچچىق بېلىق پۇرىقى ئىچىدە بۇ دۇنياغا تۇغۇ-
لاتتى، يەنە شۇ بېلىق پۇرىقى ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن
خوشلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن، كىيىم-كېچەكلىرى-
دىن، تىنىقلىرىدىن بېلىق پۇرىقى كېلەتتى، كەنت مەھەللى-
لەردىن، كۆل بويىدىن، ھەتتا پۈتكۈل لوپنۇر رايونىدىن
خام بېلىقنىڭ گۇپۇلدەپ تۇرغان پۇرىقى كېلەتتى.
شۇنداق، ئۇلار بېلىقچىلىققا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى.
بېلىق گۆشىدىن، قىلتىرىقىدىن، مېيىدىن قانداق پايدىلى-
نىشنى ياخشى بىلەتتى. بېلىق پۇرىقىنى تېخىمۇ ياخشى
كۆرەتتى» ⑥. «بۇنىڭدىن ئانچە ئۇزاق بولمىغان ئۆت-
مۈشتە، لوپنۇر رايونىدىكى ئاھالىلەر نوپۇسى ھازىرقىدىن
خېلىلا كۆپ ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا بۇ يەردە جەمئىي 550
تۈتۈن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچتىن ئىككى قىسىم
ئاھالە لوپنۇر كۆلىدە بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدى-
كەن» ⑦ دەيدۇ. ئەپسۇسكى لوپنۇر كۆلىنىڭ قۇرۇپ كې-
تىشى بىلەن لوپنۇرلۇقلاردىكى بېلىقچىلىق ئىگىلىكى، ئۇ-
نىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەر بارا-بارا ئۇنتۇلدى،
قاچاق چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق ئىگىلىكى ئاساسلىق
ئىگىلىك شەكلىگە ئايلاندى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار
بېلىق پىشۇرۇشنىڭ قەدىمىي ۋە ئىپتىدائىي ئۇسۇللىرىنىمۇ
ساقلاپ قالغان. «زەرەپشان دەرياسى بويىدىكى ئۇيغۇر-
لارنىڭ بېلىق كاۋىپى پىشۇرۇشىدا تۆۋەندىكىدەك قەدەم
باسقۇچلار ئېلىپ بېرىلىدۇ: ئالدى بىلەن پۈتۈن بېلىقنىڭ
قاسىرىقى قىرىۋېتىلىدۇ، بېلىقنىڭ قورساق قىسمى يېرىلىپ،
بېلىقنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئېلىۋېتىلىدۇ. بېلىقنىڭ تەكشى
يېشىشى ئۈچۈن بېلىقنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى ۋە ئاستىنقى
قىسمىغا ئىككى تال قىسقا ياغاچ زىخ توغرىسىغا پاراللېل
ھالەتتە ئۆتكۈزۈلۈپ، بېلىق يەلپۈگۈچسىمان كېرىلىدۇ،
بېلىقنىڭ ئاغزىدىن قۇيرۇقىغىچە بىر تال تومراق يۇلغۇن
زىخ ئۇزۇنسىغا ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۆتكۈزۈپ تەييار قىلىۋې-
لىنغان پۈتۈن بېلىقلار بېلىقنىڭ بەدىنىگە ئۆتكۈزۈلگەن
توم زىخ ئارقىلىق دەريا بويىدىكى قۇم ساھىلىغا يۇملاق
چەمبەر شەكلىدە سانجىپ، تىزىلىدۇ، ‹چەمبەر›نىڭ ئوتتۇ-
رىغا قۇرۇپ كەتكەن توغراق ئوتۇنى ياكى يۇلغۇن شاخ-
چىلىرىدىن كىچىك گۈلخان ياسىلىپ، بېلىق ئۇنىڭ ئوتىدا
بىر سائەتلەر ئەتراپىدا قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ. پىشۇرۇپ ئې-
لىنغان بېلىق كاۋىپىغا تۇز، مۇچ ئۇۋۇقى، زىرىلەر سېپىل-
سە، بېلىق كاۋىپى تېخىمۇ خۇش پۇراق ۋە يېيىشلىك بولى-
دۇ» ⑧. قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ كاۋاپ تۈرىدىكى تا-
ماقلىرى ئىچىدە بېلىق كاۋىپى، بېلىق ئاسما كاۋىپى،
بېلىق زىخ كاۋىپى... قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئومۇميلىق
نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئۇيغۇرلار بېلىقنى سۇدا پىشۇرۇپ
يېيىشكە قارىغاندا، ئوتتا پىشۇرۇپ يېيىشنى بەكرەك ياق-
تۇرىدۇ. بېلىقتىن پەقەت گۆش مەھسۇلاتىغا ئېرىشىلگەن-
دىن باشقا، يەنە باشقا كېرەكلىك مەھسۇلاتلارنىمۇ ئىشلەپ-
چىقىرىشقا بولىدۇ. «دىۋان»دا: «يەلىم-يېلىم. پەي ۋە

شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يېپىشتۇرىدىغان يېلىم. بېلىق يېلىمى ‹يارۇق يەلىم› دېيىلىدۇ.» (3-24)؛ «چاتۇق — بىر خىل دېڭىز بېلىقىنىڭ مۇڭگۈزى، چىنىدىن كەلتۈرۈلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە بىر خىل ياغاچنىڭ يىلتىزى بولۇپ، بۇنىڭدىن پىچاققا ساپ ياسىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تاماقتا زەھەرنىڭ بار-يوقلۇقى سىنىلىدۇ. ئۇ شورپا ۋە تاماققا سېلىنسا، تاماق (زەھەرلىك بولسا) ئوتسىز قاينايدۇ، قاچىغا سېلىنسا ھورسىز تەرلەيدۇ» (3-300) دېيىلگەن. بۇنىڭغا قارىغاندا بېلىقتىنمۇ بىر خىل يېلىم ياسىلىدىغانلىقى، «چاتۇق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دېڭىز بېلىقىنىڭ مۇڭگۈزى ئارقىلىق تاماققا زەھەر سېلىنغان-سېلىنمىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

2. بېلىق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

بۈيۈك ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان»دا بەزى سۇ جانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە ئازدۇر-كۆپتۇر مەلۇمات بەرگەن. مەسىلەن، «دىۋان»دا: «چاباق — تۈرك كۆلىدە بولىدىغان بىر خىل كىچىك بېلىق». (1-494)؛ «باشغان — ئېغىرلىقى 50 - 100 رىتىل كېلىدىغان بىر خىل چوڭ بېلىقنىڭ نامى. يۇرت چوڭىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىشىپ ‹دودۇن باشغانى› دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ‹ئەلنىڭ باشلىقى› دېگەن بولىدۇ.» (1-570) دېيىلگەن بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرى چاباق، باشغان دېيىلىدىغان ئىككى خىل بېلىق تۈرى ھەققىدە ئۇچۇر بەرگەن. ھازىر ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى رايونلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، شىنجاڭنىڭ بېلىقىنىڭ تۈرلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇيغۇرلار بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رايونلاردا 30 نەچچە خىل بېلىق تۈرى بار. شىنجاڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېگىز تاغلارنىڭ بىرىكمە گەۋدىسىگە تەۋە بولۇپ، شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى كۆپ قىسىم سۇ دائىرىسىنىڭ سۇ رايى جۇغراپىيىلىك ئورنى ئۇزۇك بولغانلىقتىن، سىرتتىن باشقا بېلىق تۈرلىرى ئېقىپ كېلەلمىگەن. «ئوتتۇرا ئاسىيا ئېگىز تاغلىق بىرىكمە گەۋدىسىدىكى بېلىق تۈرىنىڭ ئالاھىدىلىكى: ئېگىز، سوغۇق، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز ۋە تەرتىپسىز تېز ئېقىم مۇھىتىغا ماسلىشالايدۇ. بېلىقلارنىڭ قورسىقى قارا، جۇغى بىر قەدەر چوڭ بولىدۇ. ئۇرۇقىدا زەھەر بار، سۇ تېگىدە ياشايدۇ. مەسىلەن، تارىم بېلىقى (شىنجاڭ ئاق بېلىقى، تىرىكسا بېلىقى ۋە ئىتباش بېلىق. خوتەننىڭ ئۆزىدىن چىقىدىغان يەرلىك بېلىق 15 خىل بولۇپ، كۆزى بىر خىل، ئىككى ئائىلە، تۆت تەۋەلىككە كىرىدۇ. بۇنىڭدىن ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرىراقى تارىم بېلىقى ۋە قوش كالپۇكلۇق بېلىق، ئازراق ئىقتىسادىي قىممىتى بارى تىرىكسا بېلىقى... تارىم بېلىقىنى كەلكۈن مەزگىلىدە كۆرگىلى بولىدۇ. قوش كالپۇكلۇق بېلىق سانجۇ دەرياسىدا ياشايدۇ» ⑨. سايرام كۆلىدە ئاق قاسراقلىق بېلىق بار، چورتان بېلىقمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى يەرلىك بېلىقلارنىڭ تۈرى بارغانسېرى ئازىيىپ كەتكەن. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ھەر خىل نۇقتىلاردىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەلك كۆلەمدە ئېچىلغان بوز يەرلەردە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئېھتىياجى تۈپەيلى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلدى. سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ھەرقايسى تارام-ئېقىملار ئوتتۇرىسىدىكى سۇ يولى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، بېلىقلارنىڭ تۇخۇملايدىغان جايى بۇزۇلۇپ كەتكەن. يەرلىك بېلىقلارنىڭ تۇخۇملايدىغان مۇھىتقا بولغان تەلىپى يۇقىرى، تۇخۇملىنىشى ئاز، كۆپىيىش ۋە قايتا كۆپىيىش ئىقتىدارى تۆۋەن، چوڭىيىشى ئاستا، يېتىلىشى تەس بولۇشتەك سەۋەبلەر بېلىق تۈرلىرىنىڭ ئاز بولۇشىغا سەۋەب بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلى ۋە سايمانلىرىنىڭ ئىلغارلىشىشى ۋە زامانىۋىلىشىشى بىلەن بېلىقنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىدىن تۇتۇش كۆپ بولۇپ كەتكەن.

3. بېلىق تۇتۇش قوراللىرى ۋە ئۇسۇللىرى

بېلىقچىلىق سايمانلىرىنى ئاساسلىق سايمانلار ۋە قوشۇمچە سايمانلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئاساسلىق سايمانلار بېلىق تۇتۇش جەريانىدا بىۋاسىتە رول ئوينىسا، قوشۇمچە سايمانلار بېلىق تۇتۇشنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرۇشتەك ياردەمچى رول ئوينايدۇ. مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي دالا تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىدە ئۇۋچىلىق، يەنى بېلىقچىلىق ئىگىلىكىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان قەبىلە-قوۋملارنىڭ بېلىقچىلىق سايمانلىرى، بېلىق تۇتۇش ئۇسۇللىرىغىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلغان. چۈنكى بېلىقچىلىق سايمانلىرىنىڭ ياسىلىش تېخنىكىسى، قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىدارى قاتارلىقلار تېخنىكا مەدەنىيىتى ۋە ماددىي مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا

سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر تەرەپ ھېسابلىنىدۇ. بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر قاتار جەريانلارنى ئىزدەش ئۇسۇلى، بېلىقلارنى يىغىش ئۇسۇلى، بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇلارنى يەنە تېخىمۇ ئىنچىكە تۈرلەرگە بۆلۈشكە توغرا كەلسە، بېلىق ئىزدەش ئۇسۇلىنى بىۋاستە ۋە ۋاسىتىلىك ئۇسۇل، بېلىقلارنى يىغىش ئۇسۇلىنى ئازدۇرۇش، تۇسۇۋېلىش، قورقۇتۇش قاتارلىق ئۇسۇللارغا، بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلىنى سانجىش، قارماققا ئىلىش، قىستاش، چىرماش، سۈزۈش، قاپقان قۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بېلىقچىلار بېلىق تۇتۇش جەريانىدا بېلىقلار توپىنى بايقىشى، سۇ ئېقىمى ۋە ھاۋارايىغا ئائىت بەلگىلەرنى بىلىشى زۆرۈر. بەزى بەدەن، پسىخىكا ۋە بىلىش ئىقتىدارىغا مۇناسىۋەتلىك ئامىللار بېلىق تۇتۇشتا تۇتۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش-بولماسلىقىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىشلەتكەن ھەر خىل ھەر ياڭزا بېلىقچىلىق سايمانلىرىنى شەكلى ۋە ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىغا قاراپ چوڭ جەھەتتىن ئىلمەك سايمانلار، تور سايمانلار ۋە مۇرەككەپ سايمانلار دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئەمدى نەزەرىمىزنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلى ۋە سايمانلىرىغا ئاغدۇرۇپ باقايلى!

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان»دا بېلىق تۇتۇش ئۇسۇللىرى ۋە سايمانلىرى ھەققىدىمۇ بەزى ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان. مەسىلەن، «سارماشدى — سۈزۈشتى. ئۇل ماڭا بالىق سارماشدى — ئۇ ماڭا بېلىق سۈزۈشۈپ بەردى. قازاندىن تۇتماچ چۆپ سۈزۈشۈپ بەرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. سۇيۇق نەرسە ئىچىدىن باشقا بىر نەرسىنى سۈزۈپ ئېلىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سارماشۇر — سارماشماق).» (2-311)، «سارمالدى - سۈزۈلدى. بالىق سارمالدى- بېلىق سۈزۈلدى. يەنى بېلىق سۈزۈپ ئېلىندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق...» (2-337)؛ «سەرمەتتى — سۈزدۇردى، سۈزۈپ ئالدۇردى. ئۇل ئاڭار بالىق سەرمەتتى — ئۇ ئۇنىڭغا (سۇدىن) بېلىق سۈزدۇردى... ھەرقانداق نەرسە سۇيۇقلۇق ئىچىدىن سۈزۈپ ئېلىنسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ(سەرمەتۇر — سەرمەتمەك).» (2-511) دېيىلگەن: «سارماشماق، سارماشدى، سارمالدى، سەرمەتتى...» دېيىلگىنىگە قارىغاندا، بېلىقنى مەلۇم قورال-سايمانىنىڭ ياردىمىدە ھېيلە، پەم بىلەن تۇتىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە ئۇسۇللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بېلىق تۇتۇش سايمانلىرىنىڭ ئىقتىدارى ۋە بېلىق تۇتۇش ئۇسۇللىرىنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ئاشۇرۇلدى. ھازىرغىچە ئىنسانلارنىڭ بېلىقچىلىق تارىخىدا بېلىق تۇتۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى مۇنداق تۆت تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: (1) قول بىلەن تۇتۇش؛ (2) قورال- سايمانلار بىلەن تۇتۇش؛ (3) ھوشسىزلاندۇرۇش دورىلىرى بىلەن تۇتۇش؛ (4) بېلىقچى قۇشلارنىڭ ياردىمىدە تۇتۇش. ئۇيغۇرلاردا بۇ ئۇسۇللاردىن قورال- سايمانلار بىلەن بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلى كەڭ ئومۇملاشقان. بىز تۆۋەندە بۇ ئۇسۇللارنى تەپسىلىيرەك تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

**(1) قول بىلەن بېلىق تۇتۇش**

ئىپتىدائىي مەزگىللەردە ئىنسانلار بېلىق تۇتۇش قورال- سايمانلىرىنى ياساشتىن بۇرۇن، ئۇلار بېلىقنى قول بىلەن تۇتقان. قول بىلەن بېلىق تۇتقاندا كېتىدىغان ۋاقىت كۆپ، ئەمگەكنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەن بولغانلىقتىن، بۇ ئۇسۇل كەڭ ئومۇملىشىپ بولالمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈيى چوڭقۇر بولغان جايلاردا بېلىقلارنى قول بىلەن تۇتۇش مۇمكىن بولمايدۇ، بېلىق تۇتۇشنىڭ باشقا ئۇسۇللىرىدىمۇ ئىنسانلار قولىغا تايانسىمۇ، لېكىن مەلۇم قورال- سايمانلار ۋاستە قىلىنىدۇ.

**(2) قورال- سايمانلار بىلەن تۇتۇش**

ئۈۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىنسانلار ئۈۋچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى يېڭىلىدى، تەرەققىي قىلدۇردى. ئىنسانلار كونا ۋە يېڭى تاش قوراللار دەۋرلىرى، تۆمۈر قوراللار دەۋرلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ بېلىقچىلىق قوراللىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىلاپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بېلىقچىلىق قوراللىرى تاش ۋە ياغاچ قوراللاردىن تۆمۈر قوراللارغا، ئاددىي، قوپاللىقتىن سىپتا، نەپىسلىككە قاراپ تەرەققىي قىلدى. ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزىنىڭ بېلىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن ھالدا بېلىق تۇتۇشنىڭ قورال- سايمانلىرىنى ئىختىرا قىلدى. بۇ قوراللارغا ئەجدادلىرىمىزنىڭ تېخنىكا ئېڭى، ئىجادىي تەپەككۇرى، ئەقىل- پاراستى ۋە تەجرىبىلىرى سىڭگەن. ئۇيغۇرلار ئادەتتە بېلىق تۇتۇشتا سېۋەت، تور (گۆلمە)، قارماق، قېيىق (كېمە)،

سانچىغاق، نەيزە، ئىلغۇ، مانتۇ، چاڭگاڭ قاتارلىق قورال-
سايمانلاردىن پايدىلىنىدۇ. بىز تۆۋەندە ئۇيغۇرلار ئىجاد
قىلغان ۋە ئىشلەتكەن بېلىقچىلىق قوراللىرى، ئۇلارنىڭ
ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە توختىلىمىز:

1) تور ــ بېلىق تۇتۇش، قۇش ئوۋلاش ئۈچۈن
كۆزلۈك قىلىپ توقۇلىدىغان سايمان بولۇپ، كونا تاش
قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە دەسلەپكى ئەقىل-
لىق ئادەملەر (قەدىمكى ئادەملەر) توردىن پايدىلىنىپ
بېلىق تۇتۇشنى بىلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بېلىق
ياكى كېيىنەك تۇتىدىغان تور «قامىچ»⑩ دەپ ئاتالغان.
بۇ بەلكىم قومۇش بولسا كېرەك. «دىۋان»دا: «تور ــ
تور، توزاق. بۇنىڭ بىلەن بېلىق ۋە قۇشلار تۇتۇلىدۇ».
(3-168)؛ «ياپتى ــ ياپتى؛ قويدى، قۇردى؛ ئەتتى...
ئەر تور ياپتى ــ ئادەم (قۇش ۋە باشقىلارنى تۇتۇش
ئۈچۈن) تور قۇردى... (3-78)؛ «ئىزدەڭ ــ ئىزدەم.
بېلىق تۇتىدىغان بىر خىل تور: چىۋىقلار سۇغا قاتار تىزى-
لىپ توسما ياسىلىدۇ. توسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېغىز قال-
دۇرۇلىدۇ، تور شۇ ئېغىزغا ئورنىتىلىدۇ، بېلىقلار تورغا
كىرىش بىلەنلا تور تارتىۋېلىنىدۇ» (1-157) دېيىلگەن.
تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە لوپنۇرلۇقلار
ئۆزىنىڭ بېلىق تۇتىدىغان تورلىرىنى «گۆلمە» دەيدۇ.
«گۆلمە بېلىق تورىنى تورقا يىپىدا توقۇيدۇ. تورقا يىپى
سۇدا چىرىمەيدۇ، بەلكى تېخىمۇ چىڭىپ كېتىدۇ، ئۇزاق
چىدايدۇ. بىر ئادەم بېلىق جىق يەرنى نىشانلاپ تۇرۇپ
تور تاشلايدۇ. تورنىڭ بىر تەرىپىدە چۆكۈرتمىسى، يەنە
بىر تەرىپىدە لەيلەتمىسى بولىدۇ. يەنە بىر ئادەم كېمىلىك
سۇنىڭ ئۈستۈن ياكى تۆۋەن تەرىپىدىن شۇرۇقنى سۇغا
ئۇرۇپ، بېلىقلارنى تور تەرەپكە ھەيدەيدۇ. بېلىقلارنىڭ
تورغا چۈشكەنلىكى بىلىنگەندىن كېيىن تورنى يىغىدۇ»⑪.
تور پەقەت بېلىق تۇتۇشقىلا ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، بەلكى
يەنە باشقا جانلىقلارنى ئوۋلاشقىمۇ ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇر-
لاردا «كۆلمۇ بېلىق تورى» دېگەن ماقال بار بولۇپ، بۇ
ماقال ئۇيغۇرلارنىڭ مەخسۇس بېلىق كۆللىرىنى ياساپ،
بېلىقچىلىقنى بىر كەسىپ سۈپىتىدە راۋاجلاندۇرغانلىقىنى
دەلىللەيدۇ.

2) سانچىغاق (شاشقاق)ــ ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىق تۇ-
تۇشتا ئىشلىتىدىغان سايمىنى بولۇپ تۆمۈردىن ياسىلىدۇ.
ئۈچلۇق، بېسى ئۆتكۈر، ئىككى تەرەپتە كەينىگە قايرىل-
غان ئىلمىكى بار تىغ. ئۇزۇن ياغاچ ساپنىڭ ئۇچىغا ئور-
نىتىلىدۇ ھەمدە بېلىق سانجىپ تۇتۇلىدۇ، بۇ نەرسە ئاسا-
سەن لوپنۇر رايونىدا كۆپ ئىشلىتىلەتتى.

3) كېمە، قېيىق، قولۋاق ۋە سال قاتارلىق سۇدا
يۈرگۈچى قاتناش قوراللىرى ئارقىلىق بېلىق تۇتۇش

كېمە. ئادەتتە مەيلى ساچغاق بىلەن بېلىق تۇتقاندا
بولسۇن ياكى تور ئارقىلىق بېلىق تۇتقاندا بولسۇن كېمە،
قېيىق ياكى سالدا تۇرۇپ تۇتۇلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى
«دىۋان»دا: «كەمى ــ كېمە. ‹ك-k› فەتھىلىك تەلەپپۇز
قىلىنىدۇ). ئوغۇزچە ۋە قىپچاقچە». (3-323)، «ئۇچان ــ
ئىككى يەلكەنلىك كېمە. قىپچاقچە» (1-166) دەپ خاتى-
رىلەپ كېمە ۋە قېيىقلار ھەققىدە ئۇچۇر بەرگەن. كېمە
لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا كۆپ ئىشلىتىلگەن بېلىق تۇتۇش قو-
راللىرىنىڭ بىرى. «ئۇلارنىڭ (كېمىلىرى) چاپما بولۇپ،
توغراق غولىنى ئويۇپ چېپىپ ياسىلىدۇ. كەڭ-تارلىقى
(چوڭ-كىچىكلىكى)، ئۇزۇن-قىسقىلىقى تەييارلانغان
توغراق كۆتىكىگە قاراپ بولىدۇ. ئائىلىدىكى ئەرلەرنىڭ
ھەممىسى كېمە تاياشنى بىلگەندەك، كېمە چېپىشنىمۇ بىلى-
دۇ. كىچىك چېغىدىن باشلاپلا كېمە چېپىش، تاياشنى ئۆ-
گىنىدۇ. كېمە چېپىش، كېمە تاياشنى بىلمىگەنلەرنى ياشاش-
نى بىلمەيدىغانلار دەپ قارايدۇ. شۇڭا كېمىگە دائىر ئىش-
لارغا بەك كۆڭۈل قويىدۇ. كېمىدە ئۆرە تۇرۇۋېلىپ تۆت-
بەش غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى شۇرۇق (مەخسۇس كېمە تا-
ياشقا ئىشلىتىدىغان خادا) بىلەن ياكى كېمىنىڭ قۇيرۇق
تەرىپىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كېمە تايىسا، تېزلىكىگە
قاراپ كۆزمۇ يېتىشەلمەيدۇ. ئۇلار كېمىدە تۇرۇپ دەريا،
كۆلگە تور-گۆلمە يايىدۇ، ئىلغاق، سانچىغاق (شاشقاق)تا
بېلىق تۇتىدۇ» ⑫. قىسقىسى، كېمە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر سۇ
يولى قاتناش قورالى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بېلىق تۇ-
تۇشتا ئىشلىتىدىغان قوش رولى بار مۇھىم قورالدۇر.
«دىۋان»دا يەنە: «تامغا ــ تارماق. دېڭىز، كۆل ۋە
دەريالارغا قۇيۇلىدىغان سۇنىڭ بىر تارمىقى، قولتۇق.
كېمە ياكى قېيىق توختايدىغان يەرمۇ شۇنداق دەپ ئاتىلى-
دۇ...» (1-553) دېيىلگەن. دېمەك، ئەينى ۋاقىتتا بېلىق-
چىلار ياكى دېڭىز، كۆل ۋە دەريالاردا سەپەر قىلغان يو-
لۇچىلار كېمە، قېيىقلىرىنى «تامغا»لاردا توختىتىپ قويۇ-
شاتتى. «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر
بايان بار. «قۇملاق ــ قۇلماق. قىپچاق يۇرتلىرىدا ئۆ-

سدىغان ، ھەشقىپچەككە ئوخشايدىغان بىر ئۆسۈملۈك... بۇ ئۆسۈملۈك كېمىگە چۈشۈپ قالسا، دېڭىز دولقۇنلىنىپ، كېمە چايقىلىپ ئىچىدىكىلەر ھالاكەت خەۋپىدە قالارمىش» (1ـ620). بۇ بىر خۇراپىي جورۇق بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ نەقلىيات فولكلورى (ئەلبىلىكلىرى)دىكى مۇنداق خۇراپىي جورۇقلار قاتناش قوراللىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ يوقالدى.

قېيىق ـــ سۇدا يۈرىدىغان، يولۇچى، يۈك توشۇشقا، بېلىق ئوۋلاشقا ئىشلىتىدىغان سايمان بولۇپ، ئۇ بېلىق تۇتۇشتا ياردەمچى قوراللىق رول ئوينايدۇ. مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان»دا: «ئولۇق ـــ ئۇلاق، قولۋاق، قېيىق...» (1ـ92)؛ «قازىق ـــ قېيىق. ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان نەرسە. ئارغۇچە» (1ـ496)؛ «قايغىق) ـــ قېيىق (3ـ242)؛ «ئوقرۇق ـــ ئوقرۇق. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: تاغنى ئوقرۇقىن ئەگمەس تەڭىزنى قايغقىن بۆگمەس-تاغنى ئوقرۇق بىلەن ئەگكىلى بولماس، دېڭىزنى قېيىق بىلەن بۆككىلى بولماس. بۇ ماقال ‹چوڭ ئىشنى كىچىك تەدبىر بىلەن قايتۇرغىلى بولمايدۇ› دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ» (1ـ136)؛ «كۈرگەك ـــ كۈرەك. قېيىقنىڭ پالىقى ۋە ھەر تۈرلۈك كۈرەك.» (2ـ422) دەپ تىلغا ئالغان. «قېيىق» نامىنىڭ ھەتتا ماقال-تەمسىللەردە ئىشلىتىلىشى ئۇنىڭ قانچىلىك كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

سال ـــ كۆل، دەريالاردا ئېقتىش ياكى ئۇنىڭدىن ئۆتۈش ئۈچۈن بىر-بىرىگە چېتىپ باغلانغان ياغاچ بولۇپ، بېلىق تۇتۇشتا سالمۇ ئىشلىتىلىدۇ. «دىۋان»دا: «سال-سال. ‹تار› سۆزىمۇ مۇشۇ مەنىدە» (3ـ214). ئۇنىڭدىن باشقا يەنە: «تار ـــ سال. بىر نەچچە تۇلۇمغا يەل بېرىلىپ ئاغزى باغلىنىدۇ. ئاندىن ئۇلار بىر-بىرىگە چېتىلىپ، سۇنىڭ ئۈستىدە سۇپىغا ئوخشاش بىر نەرسە ياسىلىدۇ. كېيىن بۇنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ سۇدىن ئۆتىدۇ. بۇ قومۇش ۋە شاخلاردىنمۇ ياسىلىدۇ.» (3ـ202) دېيىلگەن، بۇ بايانلارغا قارىغاندا ئۇيغۇرلاردا سالمۇ خېلى كەڭ ئىشلىتىلگەن.

4) مايتۇ (بەزى ماتېرىياللاردا «مانتۇ» دەپمۇ ئېلىنغان) ـــ بېلىقنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغان ياغاچ توقماق بولۇپ، بۇ كۆپىنچە كېمە بىلەن بېلىق تۇتقاندا ئىشلىتىلىدۇ. بېلىقچىلار تورغا چۈشۈپ بولغان «بېلىقلارنى توردىن بىر-بىرلەپ ئېلىپ ئۇلارنىڭ سەكرەپ-پالاقلاپ سۇغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مايتۇ (بەزىلەر مايتۇ چاقمۇ دەيدۇ. بىر ئۇچىنى مۇشتۇمدەك قىلىپ مەخسۇس ياسالغان كىچىك توقماق) بىلەن بېشىغا ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ كېمىگە تاشلايدۇ»⑬.

5) قارماق ـــ بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن ياسالغان ئىلمەككە ئوخشاش، ئۇچى ئۆتكۈر ۋە ئۇستىگە قايرىلغان، تىل چىقىرىلىدىغان قورال بولۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭ ئۇچىغا يەمچۈك سانجىلىدۇ. تۈرك-رۇنىك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا بېلىق تۇتىدىغان قارماقلار «چومۇرمىش» دەپ ئاتالغان⑭ بولسا، «دىۋان»دا: «ئارغاغ ـــ بېلىق تۇتىدىغان قارماق.» (1ـ191) دېيىلگەن. ئادەتتە قارماقلار «U» شەكىللىك قارماق، «V» شەكىللىك قارماق ۋە ئوقى بىلەن ئەگمە قىسمى تۇتىشىپ كەتكەن قارماق دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ. قارماقنىڭ ئىجاد قىلىنىشى بېلىق تۇتۇشنىڭ كىشىلەردە بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى سۈپىتىدە ئومۇملىشىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇرۇنقى دەۋرلەردە قارماقنىڭ ماتېرىياللىرى ياغاچ، سۆڭەك، تاش، سەدەپتىن بولغان، ھەتتا بەزى مىللەتلەر تىكەنلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شاخلىرى ۋە چۆجىلەرنىڭ تىرناقلىرىدىنمۇ قارماقلار ياساپ ئىشلەتكەن. قارماق تاشلاش ئۇسۇللىرىدا قول بىلەن قارماق تاشلاش، دەستىلىك قارماق تاشلاش، ئارغانلىق قارماق تاشلاش، قارماقنى تارتىش (قاراق يىپىنى يىغىش) قاتارلىق پەرقلەر بولىدۇ.

6) مانجا ـــ بېلىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قىرچىن قېپچىلىرىدىن سوكەن ياكى كۆلا شەكلىدە توقۇلۇپ بېلىق تۇتۇشتا ئىشلىتىلگەن سايمان بولۇپ، كېيىن تورقۇ يىپىدا توقۇلىدىغان بولغان. بۇ سايمان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى بېلىق تۇتۇش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە ئىشلىتىلىشتىن قالدى.

«دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان بېلىق تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بەزى ئوۋ قوراللىرى ۋە ئۇسۇللاردىن بىز بېلىقچىلىقنىڭ ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى قەدىمىي كەسىپلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز ھەمدە «دىۋان»دىكى بۇ بايانلار ئۇيغۇرلارنىڭ 1000 يىللار بۇرۇنقى بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنى چۈشىنىشىمىزدىكى مۇھىم ۋە قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر.

**(3) هوشسىزلاندۇرۇش دورىلىرى بىلەن بېلىق تۇتۇش**

بۇ ئۇسۇل «دورىلاش ئۇسۇلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل بىلەن بېلىق تۇتقاندا بېلىق ئېھتىياجىدىن كۆپ تۇتۇلۇپ كېتىش خەۋپى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇللار مەخسۇس بېلىقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئارىسىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇرلار بېلىقنى دورىلاش ئارقىلىق تۇتۇشنىڭ مۇنداق بىر قانچە خىل ئۇسۇلىنى ئىختىرا قىلغان.

چارۋاغ — دەريالاردا بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن، ياغاچلارنى بىر-بىرىگە قورشام قىلىپ قويۇلغان دائىرە، بىر ئۇچىغا كۈنجۈت باغلاپ قويۇلىدۇ. بېلىقلار كۈنجۈتنى پۇراپ، چارۋاغنىڭ ئىچىگە كىرىپ تۇتۇلىدۇ. «چارۋاغ»نى ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇر بېلىقچىلار كۆپ ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «شىنجاڭنىڭ بېلىقچىلىق رايونلىرىدا ئانار شۆپىكى، ئاچچىق ئۆرۈكنىڭ مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى قاتارلىقلاردىن بېلىقنى هوشسىزلاندۇرۇش دورىلىرى ياسىلىدۇ. بۇ دورىلارنى سۇغا سەپكەندە، بېلىق ئۇنى يېگەن هامان هوشسىزلىنىپ سۇنىڭ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىدۇ. بېلىقچىلار ئۇنى سۈزۈۋالىدۇ»⑮. بەزى جايلاردا كىشىلەر بېلىق تۇتۇشتا پارتلاتقۇچ دورىلاردىن پايدىلىنىپ كىچىك تىپتىكى پارتلىتىش ئارقىلىق بېلىق تۇتىدۇ. بىراق بۇ ئۇسۇل دەريا ۋە كۆللەرنىڭ تەبىئىي مۇھىتىنى بۇزۇلغايدىغان ناچار ئۇسۇل بولغانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلدا بېلىق تۇتۇشى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن چەكلەندى.

يەمچۈك — بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن قارماق، توزاقلارغا ئىلىپ قويىدىغان گۆش، سازاڭ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا «بېلىق قارماقنى كۆرمەيدۇ، يەمچۈكنى كۆرىدۇ»، «يەمچۈكنى يېدىڭ، قارماققا ئىلىندىڭ» دېگەندەك ماقالىلەر مۇشۇنىڭدىن كەلگەن.

**(4) بېلىقچى قۇشلارنىڭ ياردىمىدە بېلىق تۇتۇش**

ئىنسانلار بېلىقلارنى پەقەت ئۆزلىرىلا ئوۋلاپ قالماستىن، بەلكى يەنە بەزى قۇشلارنىڭمۇ ئوۋلايدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇنداق بېلىقچى قۇشلارنى قولغا كۆندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ياردىمىدە بېلىق تۇتقان. مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇرلاردا «بېلىقئالغۇچ» ھەققىدە تۈنجى يازما ئۇچۇر قالدۇرغان كىشى بولسا كېرەك. «دىۋان»دا: «بالىقچىن — بېلىقاغۇچ. بېلىقچى (قۇش) بېلىق ئوۋلايدىغان ئاق قۇش» (1-665) دېيىلگەن. بېلىقئالغۇچ — پەي-تۈكلىرىنىڭ رەڭگى قارا، يېشىل ۋە پارقىراپ تۇرىدىغان؛ تۇمشۇقى ياپىلاق، ئۇزۇن، رەڭگى قارامتۇل، ئۈستۈنكى تۇمشۇقىنىڭ ئۇچىدا ئىلمەكى، گېلىدا تۇتقان بېلىقنى سالىدىغان خالتىسىمان پوكىنى بار سۇ قۇشى بولۇپ، «قارنا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئۇسۇللار بىلەن بېلىق تۇتقاندا يەنە پەسىل ئامىللىرىغىمۇ دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بېلىقچىلىقنىڭ پەسىل خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، باھار ۋە باش ئەتىياز پەسىللىرىدە بېلىقلار كەلكۈن ۋە سۇنىڭ ئىسسىشىغا ئەگىشىپ، دەريا ۋە ئېقىنلارغا ئېقىپ كىرىدۇ، بۇ پەسىللەر بېلىق تۇتۇشنىڭ ياخشى پەيتى ھېسابلىنىدۇ، ئەمما، قىشتا دەريا ۋە كۆللەرنىڭ يۈزى مۇز تۇتۇپ، بېلىقلار سۇنىڭ تېگىدە ھەرىكەت قىلىدىغان بولغاچقا، كەچلىكى دەريا ياكى كۆللەرنىڭ يۈزىدىن چوڭراق كاچكۇل ئېچىپ، چىراغ يېقىپ كاچكۇل ئېغىزىغا ئوت قالاپ بېلىق تۇتۇلىدۇ. بېلىقلار كاچكۇل ئېغىزىدىكى ئوت قالاپ ئىسسىتىلغان جايلارغا يىغىلسا، ئۇلارنى ئاسانلا تۇتقىلى بولىدۇ. بۇ، قىشتا بېلىق تۇتۇشتىكى بىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر. ئۇيغۇر بېلىقچىلار بېلىقلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا دەريا، كۆللەرنىڭ قانداق جايلىرىغا توپلىشىدىغانلىقىنى، سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىققان بېلىقئوتى ۋە ئۇنىڭ يىلتىز پارچىلىرىغا قاراپ شۇ جايدا قانداق بېلىق بارلىقىنى ئۆزىنىڭ بېلىقچىلىق تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن بىلەلەيدۇ، سۇ تېگىدىكى بېلىقلارنى كۆرۈش ۋە پەرقلەندۈرۈشتە نەزەرى تولىمۇ ئۆتكۈر كېلىدۇ.

**4. بېلىقچىلىقنىڭ ئۇيغۇر خەلق فولكلورىدىكى ئىزنالىرى**

ھەر بىر خەلقنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە شۇغۇللانغان ئىگىلىك شەكلى شۇ خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى، فولكلورى (ئەلبىلىكلىرى) دا مۇئەييەن ئىزنالارنى قالدۇرىدۇ، جۈملىدىن بېلىقچىلىق ئىگىلىكىمۇ شۇنداق. بېلىقچىلىق خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى فولكلورىدا روشەن ئىزنالارنى قالدۇرغان. تۆۋەندە بۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1) بېلىقچىلىقنىڭ ئۇيغۇر ماددىي فولكلورىدىكى ئىزنالىرى

بېلىقچىلىق كەڭ تارقالغان جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىدە بېلىقچىلىققا ئائىت فولكلورىستىك ھادىسىلەر بىر قەدەر كۆپ. مەسىلەن، لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىدا ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتكەندە «توققۇز دانە بېلىق بېشىنى پىشۇرۇپ داستىخان قىلىپ بارىدۇ. ئوغۇل تەرەپنى مۇناسىپ كۆرمىسە، قىز تەرەپ ئايرىم توققۇز دانە بېلىق بېشىنى پىشۇرۇپ داستىخاننى ياندۇرىدۇ»⑯. بۇ ئادەتتىن لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىدا ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنىڭ مۇئەييەن تەسىرى بارلىقى ۋە بېلىق بېشىنىڭ چوقۇم توققۇز بولۇش شەرتىدىن ئۇلاردا «توققۇز» سانىنى مۇقەددەس بىلىش ئادىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا بېلىق، بېلىق تۇتۇش قورallىرى، چىگە-تۇرقا، جەرەن، تۇلكە قاتارلىق نەرسىلەرنى تويلۇق سېلىش ئادىتى بولغان، بۇ ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان دەريا، كۆل ۋە ئاراللاردا سىرت بىلەن ئالاقىسىز دېگۈدەك ھالەتتە ياشاپ كەلگەنلىكلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. روشەنكى بۇ ئادەتلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى ئىپتىدائىي ئادەتلىرىنىڭ ئىزنالىرىدىن ئىبارەت»⑰. ئۇنىڭدىن باشقا لوپنۇرلۇقلاردا «بېلىقچىلىق سايمانلىرىنىڭ ئۆزى يەنە ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ھېسابلىناتتى. بىرەر كىشى قازا قىلسا ئۆلگۈچىنى يۇيۇپ تاراپ بولغاندىن كېيىن، قېيىققا سېلىپ ئۈستىنى يەنە بىر قېيىق بىلەن دۈم كۆمتۈرۈپ يېپىپ قوياتتى. ئاندىن ئىككىنچى كۈنى دەپنە قىلاتتى. ئۆلگۈچى ھايات چېغىدا ئىشلەتكەن قارماق، تور قاتارلىق تەۋەررۈك بۇيۇملىرىنى مېيىت بىلەن قوشۇپ دەپنە قىلاتتى»⑱. «لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە بېلىقنىڭ دولا سۆڭىكىنى ئوتقا سېلىپ پال سېلىش ئادىتى بىر قەدەر ئومۇملاشقان. بۇنىڭدا سۆڭەكتە پەيدا بولغان قاپارتمىلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، قاپارتمىلارنىڭ توپ-شالاڭلىقى، ئارىلىقىنىڭ كەڭ-تارلىقى قاتارلىق ھالەتلەرگە قاراپ مەنە ئېيتىش ئاساس قىلىنغان»⑲. بېلىقچىلىقنىڭ ئۇمۇر مۇراسىملىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم مۇراسىملاردىن بولغان توي-تۆكۈن ۋە ئۆلۈم-يىتىم ئىشلىرىغا بۇنچىۋالا چوڭقۇر تەسىر قىلىشى لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا بېلىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ نەقەدەر تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە نەقەدەر چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى شامانىزىم سېھىرگەرلىكىنىڭ ساقىندىسى بولغان يادا ئەپسۇنىدا ئىشلىتىلىدىغان يادا تاشنىڭ بېلىقنىڭ قارنىدىن چىقىدىغانلىقى ناھايىتى ئەتىۋارلىق ھېسابلىنىدۇ. دولانلىقلاردا «بېلىق ئەقىللىق بولىدۇ، يىلدا بىر قېتىم بولسىمۇ بېلىق يەپ تۇرۇش كېرەك» دەيدىغان گەپ بار. يەنە بەزى يۇرتلاردا بېلىق يېسە ئادەمنىڭ پاقالچىكىگە (خوتەن دىئالېكتىدا پاقالچاق «بېلىق گۆشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) پايدا قىلىدۇ دەيدىغان ئىشەنچمۇ بار. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىلىرىدە «... ئورنىدىن مىدىرلىمايدىغان قۇتۇپ يۇلتۇزىنى ‹تۆمۈر قوزۇق› دەپ ئاتاپ، دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىنى ئۇنىڭغا قاراپ بەلگىلىدى. ‹تۆمۈر قوزۇق›نىڭ يېنىدىكى ئىككى يۇلتۇز تۈركۈمىنى ‹بېلىق› (بالىق) يۇلتۇز ۋە ‹قوزى يۇلتۇز› دەپ ئاتاپ، ‹بېلىق› — قىشنىڭ ئاخىرقى ئېيى،... دەپ چۈشەندۈردى»⑳. ئۇيغۇرلارنىڭ ساددا ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىلىرىدىمۇ بېلىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ قىسمەن ئىزنالىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە سىرتقى مەدەنىيەت بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ قويۇقلىشىشى ۋە بېلىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئورنىنى باشقا ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ ئېلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ ئادەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن يىراقلاشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىق ئىستېمال قىلىشقا بولغان قىزغىنلىقى ۋە بۇرۇنقى ئىشەنچ، ئەقىدە، جورۇقلىرى يەنىلا خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا گاھى ئاشكارا، گاھى يوشۇرۇن ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

2) بېلىق ۋە بېلىقچىلىقنىڭ ئۇيغۇر مەنىۋى فولكلورىدىكى ئىزنالىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ بېلىقچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، «ئالتۇن بېلىق»، «بېلىقچى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى»، «بېلىقچى بوۋاي»... قاتارلىق چۆچەكلەر، «بېلىق بىلەن پاقا»، «بېلىق بىلەن تۈلكە»، «پاقا بىلەن بېلىجان» قاتارلىق مەسەللەر كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇ مەسەل، چۆچەكلەردە بېلىق ياكى بېلىقچى بوۋاي ئوبرازى ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل، قانائەتچان قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ.

بېلىق، بولۇپمۇ ئالتۇن بېلىق بولسا ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ياردەم قىلىدىغان، گەپ قىلالايدىغان، ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق قىلالايدىغان قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. بېلىق يەنە ئۇزۇن ئۆمۈرلۈكنىڭ بەلگىسى بولۇپ، بېلىق يىلى تۇغۇلغان كىشىلەر ئامەتلىك بولىدۇ دەيدىغان گەپ بار. خەلق ئىچىدە بېلىق بايلىق، رىزىق ۋە خۇشاللىقنىڭ سىمۋولىدۇر، بېلىق كۆرۈپ چۈش كۆرسە كۈتۈلمىگەن بايلىققا ئېرىشىدۇ، دېگەن ئەقىدە بار. خەلق ئارىسىدىكى چۈش تەبىرىگە ئائىت كىتابلاردا «ئادەم چۈشىدە بېلىق كۆرسە ھالالدىن رىزقى كۆپ بولۇر» دېيىلىدۇ. سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسى ھالال، ئۇنى تۇتسىلا ئۆلتۈرۈپ يۇرمەي، پاكىزلاپ يېسىلا بولىدىغان بولغاچقا ئۇنى ئۇيغۇرلار كەڭ ئىستېمال قىلغان. بۇ بېلىقچىلىقنىڭ كەڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغان. خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەردە بېلىقنى خۇدا ئاسماندىن بوغۇزلاپ چۈشۈرۈپ بەرگەن، شۇڭا ئۇنىڭ بوينى كېسىك (ساقىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) دەپ ھېكايە قىلىنىدۇ. شۇڭا بېلىقنىڭ بېشىغا كىچىك توقماق بىلەن ئىككى قېتىم ئۇرۇپ قويۇلسا، ئۇنى بوغۇزلىغانغا باراۋەر دەپ قارىلىدۇ ھەمدە بېلىق پىچاققا سۇرۇپ بوغۇزلانمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىقچىلىق ئىگىلىك شەكلى ماقال-تەمسىللەردىمۇ ئۆزىنىڭ ئىزنالىرىنى قالدۇرغان. مەسىلەن، «بېلىقچىنىڭ كۆنى سۇدا»، «بۈگۈن تورنى قۇرۇتسالڭ، ئەتە بېلىقنى كۆپ تۇتسەن»، «بېلىق قارماقنى كۆرمەس، يەمچۈكنى كۆرەر»، «بېلىق بېشىدىن سېسىيدۇ»، «بېلىق سۇغا تارتىدۇ، توشقان سايغا»، «بېلىق دەريادا سۇغا تەشنا»... قاتارلىقلار. بۇ ماقال-تەمسىللەرنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بېلىقچىلىق ئىگىلىكىگە بولغان كۆز قاراشلىرىنى، ئادەت-يوسۇنلىرىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

(ئەسكەرتىش: «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»دىن ئېلىنغان نەقىللەر كۆپرەك بولغىنى ئۈچۈن بۇ نەقىللەرنىڭ توم ۋە بەت سانى نەقىلنىڭ كەينىگىلا بېرىلدى ھەمدە نەقىللەر «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980-يىل 8-ئايدا نەشر قىلغان 1-نەشرىدىن ئېلىنغان).

ئىزاھاتلار:

① ئادىل مۇھەممەد: «قەدىمكى خوتەن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 8-بەت.

② لى جىنشىن (ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمىسى)، «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 117-بەت.

③ [گېرمانىيە] ئالبېرت. فون. لېكوك (مۇھەممەد ئېلى، مەھمۇد ۋەلى): «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىل 10-ئاي 1-نەشرى، 176-بەت.

④ «لوپنۇردا يېڭى خارابىلىك بايقالدى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 2008-يىل 25-دېكابىردىكى سانى، 6-بەت.

⑤ پېرژېۋالسكىي (نۇرمۇھەممەد توختى تەرجىمىسى): «خوتەن ئەتراپلىرىدا»، «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى خوتەن» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىل 5-ئاي 1-نەشرى، 87-بەت.

⑥، ⑦، ⑱ ئەسەت سۇلايمان: «ئۇنتۇلغان ھېكايە، كۆچمە كۆل ۋە لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھايات شەجەرىسى»، «مىراس» ژۇرنىلى 2001-يىل 6-سان، 8-بەت ۋە 9-بەتتىكى نەقىلدىن.

⑧ 2008-يىل 11-ئاينىڭ 11-كۈنى قەيسەرنىڭ مۇھەررىرلىكىدە «تەڭرىتاغ تورى»غا يوللانغان «بېلىق كاۋپى» ناملىق ماقالىدىن.

⑨ نادىر سادىر، سۇن بىڭلار تۈزگەن: «گۆھەر زېمىن خوتەن» (ئۇيغۇرچىسى)، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1995-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 148-بەت.

⑩، ⑭ ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989-يىل 10-ئاي، 1-نەشرى، 300-، 313-بەتلەر.

⑪، ⑫، ⑬ مۆيدىن سايىت بوستان: «لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرى توغرىسىدا»، «مىراس» ژۇرنىلى 2008-يىل 4-سان، 47-بەت.

⑮ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى، 1989-يىل 7-ئاي 1-نەشرى، 97-بەت.

⑯، ⑰، ⑲ ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىل 4-ئاي 1-نەشرى، 239-، 244-، 245-، 405-بەتلەر.

⑳ ئابدۇكېرىم راخمان، شېرىپ خۇشتار، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 162-، 163-بەت.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىدا)

# «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1999-يىلىدىن 2005-يىلىغىچە بولغان ئومۇمىي مۇندەرىجىسى

(ئەپسانە-رىۋايەتلەر)

1999-يىللىق 2-سان

ئىككى رىۋايەت ............................................ توپلىغۇچىلار: يۇسۇپ ئىسھاق، تۇرسۇن بەكرى (72)

1999-يىللىق 3-سان

ئۆمۈر ھەققىدە رىۋايەت ............................................ توپلىغۇچى: قادىر ئەكبەر(64)

1999-يىللىق 4-سان

كىندىك ۋە ئىت توغرىسىدىكى رىۋايەت ............................................ توپلىغۇچى: جارۇللا يۇسۇپ (31)

1999-يىللىق 5-سان

كېرىيىدىكى يۇرتناملىرى ھەققىدە رىۋايەت ............................................ توپلىغۇچى: ئېزىزجان قاسىم (48)

1999-يىللىق 6-سان

«زەپەرنامە»دىكى ئوغۇزخانغا دائىر تەپسىلاتلار ............................................ تەييارلىغۇچى: ئەزىزى (49)

2000-يىللىق 3-سان

ئەجدىھا تېشى ۋە تۆگە تېشى ھەققىدە رىۋايەت ............................................ توپلىغۇچى: ئېزىز قاسىم (37)
بېدە ھەققىدە رىۋايەت ............................................ توپلىغۇچى: رەھىمجان رەخمەتجان (75)

2000-يىللىق 5-سان

چىرا چۆل، كېرىيە كۆل ............................................ توپلىغۇچى: ئەزىز قاسىم (43)
مىراس ھەققىدە رىۋايەت ............................................ توپلىغۇچى: مەتتۇردى مۇھەممەتئىمىن (شال) (44)
خىزىر بىلەن شەيتان ھەققىدە رىۋايەت ............................................ توپلىغۇچى: ئوسمان جۇمە (45)

2000-يىللىق 6-سان

خوتەندىكى قەدىمىي دەرەخلەر ............................................ توپلىغۇچى: مەتكېرىم ئىسمائىل (23)
رىۋايەتلەر ............................................ توپلىغۇچى: مەمتىمىن قۇربان (53)

2001-يىللىق 2-سان

رىۋايەتلەر ............................................ توپلىغۇچى: تۇرسۇن بەكرى (20)
كېرىيە ئاياللىرىنىڭ تەلپىكى ۋە پەرىجىسى ھەققىدە رىۋايەت ............................................ توپلىغۇچى: ئېزىز قاسىم (51)

2001-يىللىق 3-سان

قوي ھەققىدە رىۋايەت ............................................ توپلىغۇچى: مەمەتتۇرسۇنمەمتىمىن (46)

2001-يىللىق 4-سان

رىۋايەتلەر ............................................ توپلىغۇچى: سەمەت ئەسرا تۇرا (17)
كاككۇك بىلەن زەينەپ ............................................ توپلىغۇچى: مەمەتتۇرسۇن مەمتىمىن (64)
ھەركىمنىڭ ئۆزىگە ئۆز ............................................ توپلىغۇچى: ئابدۇراخمان لېتىپ (78)
رىۋايەتلەر ............................................ توپلىغۇچى: تۇرسۇن كەلپىن (42)

2002-يىللىق 1-سان

«ئالتۇن گۈمبەز» ۋە «شاختۇر» خارابىسى ھەققىدە رىۋايەت ............................................ توپلىغۇچى: يۇسۇپ ئەرشىدىن (57)

2002-يىللىق 2-سان

قۇرامشاھ ۋە دارۋازلىق ............................................ توپلىغۇچى: غەيرەتجان ئوسمان (51)

2002-يىللىق 3-سان

قاغا ھەققىدە رىۋايەت ............................................ توپلىغۇچى: ئوبۇلقاسىم روزى ئازغۇن (78)

2002-يىللىق 4-سان

ئانار ھەققىدە رىۋايەت ............................................ توپلىغۇچى: مۇھەممەد رېھىم (72)

2003-يىللىق 5-سان

يىتكەن تاش ............................................ توپلىغۇچى: مۇختار تۇردى (36)

2004- يىللىق 1- سان

تۆھپە ھەققىدە رىۋايەت ...... توپلىغۇچى: ئوبۇلقاسىم نۇرەخمەت (66)

2004- يىللىق 4- سان

تۆت ئەۋلىيا، بىر پىر ھەققىدە رىۋايەت ...... توپلىغۇچى: ئېلى ئەسقەر (17)

ئۇيغۇرلارنىڭ «كېلىن كۈن» رىۋايىتى ...... توپلىغۇچى: غالىب خوجابدۇللا (38)

2004- يىللىق 5- سان

ساتار ھەققىدە ئەپسانە ...... توپلىغۇچى: زۇنۇن رېھىم (56)

قاراخان ۋە داپ ...... توپلىغۇچى: غەيرەتجان ئوسمان (60)

نەي قانداق پەيدا بولغان ...... (61)

ناغرا ھەققىدە ...... (62)

ئادەم ئاتىنىڭ پانىي ئالەمگە قوغلانغانلىقى ...... توپلىغۇچى: ئابلىمىت مۇھەممەدى ئاقيولى (63)

ئاي ھەققىدە ئەپسانە ...... توپلىغۇچى: مۇستاپا مۇھەممەد (65)

چولپان يۇلتۇز ھەققىدە ...... توپلىغۇچى: ئەخمەد ھۇسەين (66)

2004- يىللىق 6- سان

كىتەك بالىق ...... توپلىغۇچى: ۋەلى داۋۇت (60)

2005- يىللىق 1- سان

نۇزۇگۇم ئۆگكۈرى ...... توپلىغۇچى: تۇرسۇن زىرىدىن (22)

2005- يىللىق 3- سان

رىۋايەتلەر ...... توپلىغۇچى: ئېزىز قاسىم ياغ (59)

(چۆچەكلەر)

1999- يىللىق 1- سان

يامان ئوغرى ...... توپلىغۇچى: تۇرسۇن قاسىم (46)

كۆكۈلداش ...... توپلىغۇچى: ياسىن زىلال (54)

خېمىر مەلىكە ...... توپلىغۇچى: زورەم تۆمۈر (73)

1999- يىللىق 2- سان

خاسىيەتلىك چىراغ ...... توپلىغۇچى: رىزۋانگۈل مەمتىمىن (35)

يېتىمنىڭ ھېيلىسى ...... توپلىغۇچى: ئابدۇرېھىم رەھىم (64)

ئىككى چۆچەك ...... توپلىغۇچىلار: توختى ئوسمان، زورەم تۆمۈر (77)

خېمىر مەلىكە ...... توپلىغۇچى: زورەم تۆمۈر (76)

ئالتۇن كۆرەر ...... توپلىغۇچى: ياسىن روزى (58)

بۇزۇق پادىشاھ ...... توپلىغۇچى: ئىبراھىم قۇربان (65)

تۇخۇمغا موزاي تېگىشىش ...... توپلىغۇچى: توختى ئوسمان (77)

1999- يىللىق 3- سان

ئەقىل — بايلىق ...... توپلىغۇچى: ئادالەت ئابلىمىت (29)

شاھ بىلەن دانىشمەن ...... توپلىغۇچى: مۇھەممەد ئوسمان (50)

ئىككى چۆچەك ...... توپلىغۇچى: رەيھانگۈل ئىمىن (57)

ئۈچ ئەخمەقنىڭ جاۋابى ...... توپلىغۇچى: ئوبۇلھاشىم قاسىم (59)

1999- يىللىق 4- سان

ئىككى چۆچەك ...... توپلىغۇچى: ئايجامال ئىمىن (68)

ئىليار شاھ ...... توپلىغۇچى: ئابدۇرېھىم رەھىم (38)

1999- يىللىق 5- سان

باغدات شاھزادىسى بىلەن پەرەڭ مەلىكىسى ...... تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر (21)

چۆچەكلەر ...... توپلىغۇچى: دىلنۇر ئابلىز (60)

ئۈچ جۈملە نەسىھەت ...... توپلىغۇچى: مەمتىمىن قۇربان (65)

1999- يىللىق 6- سان

دەردى ئەسرار ...... توپلىغۇچى: تۇرسۇن بەكرى (76)

2000- يىللىق 1- سان

يېڭى چۆچەكلەر ...... ئەخەت ھاشىم (46)

ئەزىمەت بىلەن پاقا ........ توپلىغۇچى: تۇرسۇن تۆرەك (64)
پەملىك ئوغۇللار ........ توپلىغۇچى: سابىرجان سىيىت (67)
ئىككى چۆچەك ........ توپلىغۇچى: ئوبۇلهاشىم قاسىم (69)
مۇز چۆچۈرە ........ توپلىغۇچى: رەيھانگۈل ئىمىن (71)
بوۋاي ۋە ئۆي هايۋانلىرى ........ توپلىغۇچى: مۇھەممەتخان سىدىق (77)

**2000 ـ يىللىق 2 ـ سان**

شادى موللاق ........ توپلىغۇچى: ئابدۇرېھىم رەھىم (32)
پادىشاھنىڭ ھۆرمەتلىك كىشىسى ........ توپلىغۇچى: م. ئىسمائىل، م. سىدىق (34)
رۇم شاھزادىسىنىڭ سەرگۈزەشتىسى ........ توپلىغۇچى: ئىسلام سادىق (42)
غالدا باتۇر ........ توپلىغۇچى: تۇرسۇن ئەبەي (59)
ۋەزىر بىلەن دېھقان ........ توپلىغۇچى: پازىل قادىر (64)
ماموت ئوۋچى ........ توپلىغۇچى: ئۆمەرجان ئېلى (65)
ئىككى چۆچەك ........ توپلىغۇچى: رەيھانگۈل ئىمىن (76)

**2000 ـ يىللىق 3 ـ سان**

ۋاپادار ئىت ........ توپلىغۇچى: قادىر ئەكبەر (1)
ئادىل قازى ........ توپلىغۇچى: مەمەتجان مۇرتىزا (48)
ئۈچ دوست ........ توپلىغۇچى: تۇرسۇنجان مۇھەممەد (53)
مەردان ........ توپلىغۇچى: ئەخمەت خېۋىر (66)

**2000 ـ يىللىق 4 ـ سان**

بېلىق باتۇر ........ توپلىغۇچى: ئابلەت يۇسۇپ (33)
تۆت دەردمەننىڭ ھېكايىسى ........ توپلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر (50)
چۆچەكلەر ........ توپلىغۇچى: ھەسەن تىلىۋالدى (72)

**2000 ـ يىللىق 5 ـ سان**

كېيىك قىزى ........ توپلىغۇچى: ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (1)
ئون توققۇزىنچى خوتۇن ........ توپلىغۇچى: سادىر تۇرسۇننىياز (5)
تۇخۇم ........ توپلىغۇچى: مۇھەممەد قۇربان (23)

**2000 ـ يىللىق 6 ـ سان**

توختى گالۋاڭ ........ توپلىغۇچى: ياسىن زىلال (7)
سودىگەرنىڭ ئوغلى ........ توپلىغۇچى: ئىمىن ئۆمەر (18)
ئادىل پادىشاھ ........ توپلىغۇچى: مۇتەللىپ ئوبۇلقاسىم (22)
ھوشۇر گۆشنىڭ ئۆيلىنىشى ........ توپلىغۇچى: پاتىگۈل تۇرسۇن (30)
ئىككى چۆچەك ........ توپلىغۇچى: ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (50)

**2001 ـ يىللىق 1 ـ سان**

قارانچۇق ........ مەمتىمىن ھوشۇر (1)
سېتىلغان مەلىكە ........ توپلىغۇچى: ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (15)
ئوغرى بالا ........ توپلىغۇچى: يۇسۇپ ئەھمىدى (43)
ئوبۇل كاج بىلەن جەملەم جاھىل ........ توپلىغۇچى: مەمەتتۇرسۇن مەمتىمىن (50)

**2001 ـ يىللىق 2 ـ سان**

چۇمۇلە ........ توپلىغۇچى: ئەھمەتجان تاشتۆمۈر (1)
ئەقىللىق ئىككى يولۇچى ........ توپلىغۇچى: رەيھانگۈل ئىمىن (7)
پادىشاھ تۆمۈرنىڭ ئوغلى ........ توپلىغۇچى: مەتتۇرسۇن ئەسرۇللا (48)
ئىككى چۆچەك ........ توپلىغۇچى: توختى ئوبۇلقاسىم (52)
جەھەننەمدىن كەلگەن خەت ........ توپلىغۇچى: ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (62)

**2001 ـ يىللىق 3 ـ سان**

ئەينەك تاغدىكى پەرىزات ........ توپلىغۇچى: تاجىگۈل (18)
تىكىدىغان كۆچەت ئۆرۈك ئىكەن ........ توپلىغۇچى: ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (39)
جاھاندا غەمسىز كىشى يوق ........ توپلىغۇچى: ئابدۇراخمان ھاجى مۆمىن (40)

2001- يىللىق 4- سان

ئامتى كەلگەن ياپاچچى ........................ توپلىغۇچى: ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (29)

2001- يىللىق 5- سان

قىلىچ ۋە ساھىبجاھال ........................ توپلىغۇچى: تاجىگۈل (1)
تىككۈچى يىگىت ........................ توپلىغۇچى: ئابابەكرى (28)
مەلىكە ۋە ئات ........................ توپلىغۇچى: بۇخەلچەم روزى (32)
ئۈچ قېرىنداشلار ........................ توپلىغۇچى: تاجىگۈل (40)
گومۇش بالا ........................ توپلىغۇچى: مەمترايىم سادىق (68)

2001- يىللىق 6- سان

ئالقىش ئالغان ئامان، قارغىش ئالغان يامان ........................ توپلىغۇچى: رەيھانگۈل ئىمىن (69)
ۋاپادار ئەر ........................ توپلىغۇچى: مەمتىمىن تۇردى (13)
نىسى- نەس ........................ توپلىغۇچى: ئېزىز قاسىم (31)

2002- يىللىق 2- سان

ھەسەن- ھۈسەن ........................ توپلىغۇچى: رەيھانگۈل ئىمىن (48)

2002- يىللىق 6- سان

توشقاننىڭ ناخشىسى ........................ جاسارەت جاپپار (60)

2004- يىللىق 5- سان

بارىكاللا بىلەن شاباش ........................ توپلىغۇچى: ئابلىكىم تۇرسۇننىياز (15)

2005- يىللىق 3- سان

ئىككى بېخىل ........................ توپلىغۇچى: ناسىر قادىر (63)

(مەسەللەر)

1999- يىللىق 2- سان

مەسەللەر ........................ توپلىغۇچى: خەيرىنگۈل ئىمىن (73)

1999- يىللىق 4- سان

مەسەللەر ........................ توپلىغۇچى: تۇرسۇن ھەسەن (37)

2000- يىللىق 2- سان

مەسەللەر ........................ توپلىغۇچى: ئوبۇلھاشىم قاسىم ()

2001- يىللىق 2- سان

ئىككى مەسەل ........................ توپلىغۇچى: مەمتىمىن تۇرسۇن (60)

2001- يىللىق 4- سان

ئالا قاغا بىلەن قارا قاغا ........................ تەييارلىغۇچى: ئوبۇلھاشىم قاسىم (22، 28، 66)

2001- يىللىق 6- سان

مۈشۈكنىڭ «ئىنساپ»قا كېلىشى ........................ توپلىغۇچى: تاجىگۈل (75)

2002- يىللىق 1- سان

قۇشقاچ بىلەن تۈلكە ........................ توپلىغۇچى: تاجىگۈل (40)

2002- يىللىق 4- سان

زالىملىقنىڭ ئاقىۋىتى ........................ مەمتىمىن تۇرسۇن تەرجىمىسى (47)
قۇشقاچ بىلەن ئادەم ........................ مەمتىمىن تۇرسۇن تەرجىمىسى (48)
ۋەزىر سايلاش ........................ توپلىغۇچى: ئابدۇللا روزىمۇھەممەت (56)
كالىنىڭ پۇل خەجلىشى ........................ توپلىغۇچى: مەتسابىر (57)

2002- يىللىق 6- سان

پالتا سېپى ........................ توپلىغۇچى: ئەخمەت ھاشىم (49)
ئاسمان قانچىلىك ئېگىز ........................ جاسارەت جاپپار (61)

2003- يىللىق 4- سان

ئەقىل كۆرسە كۆز كۆرەر ........................ ۋاھىتجان غوپۇر (75)

2003- يىللىق 6- سان

ئۆمۈچۈك بىلەن يەللىك بوغۇم ئاغرىقى ........................ (20)
بالا بىلەن مىتە ........................ (22)

كاككۇك بىلەن پاختەك ...... (23)

2004- يىللىق 2- سان

ئۈچ مەسەل ...... (65)

2005- يىللىق 1- سان

ئىمتىھان ...... ۋاھىتجان غوپۇر (58)

2005- يىللىق 2- سان

ئەزىمەت ۋە شۆھرەت ...... ۋاھىتجان غوپۇر (73)
مۇسابىقىدىن كېيىن ...... ۋاھىتجان غوپۇر (74)

2005- يىللىق 3- سان

ئېشەكنىڭ دەردى ...... توپلىغۇچى: ھىمىت ياسىن (64)
بۆرە بىلەن قاغىنىڭ دوستلۇقى ...... توپلىغۇچى: ھەسەن سالى (67)
ئالا نىيەتلىكنىڭ ئاقىۋىتى ...... ۋاھىتجان غوپۇر (74)
دەريا بويىدا ...... (75)
ئۆز كۆلىنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن پاقا ...... توپلىغۇچى: ئايخان ۋاھىت (76)
ئىككى پىلەك ...... ۋاھىتجان غوپۇر (77)

(داستان ۋە قىسسەلەر)

1999- يىللىق 1- سان

باھار دانىش (قىسسە) ...... نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەمتىمىن تۇردى (1)
شەجەرەئى تۈرك ...... ئوبۇلغازى باھادىرخان نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (26)

1999- يىللىق 2- سان

باھار دانىش (قىسسە) ...... نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەمتىمىن تۇردى (1)
شەجەرەئى تۈرك ...... ئوبۇلغازى باھادىرخان نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (42)

1999- يىللىق 3- سان

باھار دانىش (قىسسە) ...... نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەمتىمىن تۇردى (1)
شەجەرەئى تۈرك ...... ئوبۇلغازى باھادىرخان نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (31)

1999- يىللىق 4- سان

نۇشىرۋانى ئادىل (قىسسە) ...... تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئوسمان (1)
شەجەرەئى تۈرك ...... ئوبۇلغازى باھادىرخان نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (42)

1999- يىللىق 5- سان

نۇشىرۋانى ئادىل (قىسسە) ...... تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئوسمان (1)
شەجەرەئى تۈرك ...... ئوبۇلغازى باھادىرخان نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (26)

1999- يىللىق 6- سان

نۇشىرۋانى ئادىل (قىسسە) ...... تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئوسمان (1)
شەجەرەئى تۈرك ...... ئوبۇلغازى باھادىرخان نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (29)

2000- يىللىق 1- سان

نۇشىرۋانى ئادىل (قىسسە) ...... تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئوسمان (1)
شەجەرەئى تۈرك ...... ئوبۇلغازى باھادىرخان نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (26)

2000- يىللىق 2- سان

نۇشىرۋانى ئادىل (قىسسە) ...... تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئوسمان (1)
شەجەرەئى تۈرك ...... ئوبۇلغازى باھادىرخان نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (13)

2000- يىللىق 4- سان

نۇشىرۋانى ئادىل (قىسسە) ...... نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئوسمان (4)

2001- يىللىق 6- سان

ھېكمەت خەزىنىسى (قىسسە) ...... تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر مۇھەممەد (16)

2002- يىللىق 1- سان

ھېكمەت خەزىنىسى (قىسسە) ...... تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر مۇھەممەد (18)

2002- يىللىق 2- سان

ھېكمەت خەزىنىسى (قىسسە) ...... تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر مۇھەممەد (13)

2002 ـ يىللىق 3 ـ سان

ھېكمەت خەزىنىسى (قىسسە) ........................ تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر مۇھەممەد (46)

2002 ـ يىللىق 4 ـ سان

ھېكمەت خەزىنىسى (قىسسە) ........................ تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر مۇھەممەد (23)

2002 ـ يىللىق 5 ـ سان

يولۋاسنى ئۆلتۈرگەن باتۇر (داستان) ........................ توپلىغۇچى: ھوشۇر ياقۇپ (70)

(قوشاقلار)

1999 ـ يىللىق 1 ـ سان

بويتاقلار قوشىقى ........................ توپلىغۇچى: ئەسقەر مەخسۇت (19)

بولاي ........................ توپلىغۇچى: ئەسقەر مەخسۇت (53)

1999 ـ يىللىق 2 ـ سان

قوشاقلار ........................ توپلىغۇچى: مەمەت توختى ئەخمەت (25)

بالىلار قوشاقلىرى ........................ توپلىغۇچى: ئەخمەتجان (61)

1999 ـ يىللىق 3 ـ سان

بۇۋاپا سالدى جاپا ........................ توپلىغۇچى: ياسىن زىلال (16)

ئۈجمە دەرىخى ........................ توپلىغۇچى: ئوبۇلھاشىم قاسىم (56)

قوشاقلار ........................ توپلىغۇچى: ئابدۇرېشىت ئەخمىدى (65)

1999 ـ يىللىق 4 ـ سان

قوشاقلار ........................ توپلىغۇچى: تۇردى نىياز (32)

قوشاقلار ........................ توپلىغۇچى: غوجەخمەت مۇھەممەد (42)

1999 ـ يىللىق 5 ـ سان

ناخشا ئېيتسام ھەر كۈنى ........................ توپلىغۇچى: ياسىن مۇھەممەتئىمىن (19)

يارىمنىڭ ئېتى ئايگۈل ........................ توپلىغۇچى: ئەنۋەر توختى (78)

سۇندۇك بىلەن بالا ........................ توپلىغۇچى: ئابدۇرېھىم يۇنۇس (72)

1999 ـ يىللىق 6 ـ سان

ۋاپاسىز يارغا ملك لەنەت ........................ توپلىغۇچى: مەتتۇردى مىرزىئەخمەت (20)

سۆيسەم يۈرەك قانارمۇ؟ ........................ توپلىغۇچى: مەتقۇربان ئىسمائىل (48)

2000 ـ يىللىق 1 ـ سان

چىرايىم زەپىران بولدى ........................ توپلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر (22)

2000 ـ يىللىق 2 ـ سان

مەن سېنى سېغىنغاندا ........................ توپلىغۇچى: مۇختەر مىجىت (12)

ئاتەش يۈرەك ........................ توپلىغۇچى: مۇھەممەد ئابدۇللا قادىرى (51)

چوكانلارنىڭ گۈزىلى ........................ توپلىغۇچى: مۇھەممەتئىمىن قۇربان (74)

2000 ـ يىللىق 3 ـ سان

قەلەمقاشىنىڭ كۆزى ياش ........................ توپلىغۇچى: ياسىن زىلال (11)

ئادەممىكىن دەپتىمەن ........................ توپلىغۇچى: ياسىن مۇھەممەتئىمىن (50)

بۇۋاپاغا ئالدانما ........................ توپلىغۇچى: ئابدۇللا روزىمەمەت (51)

ئاشىقلىق نەزمىسى ........................ توپلىغۇچى: نىزامىدىن توختى (64)

2000 ـ يىللىق 4 ـ سان

ساڭا كۆيسەم يامانمۇ ........................ توپلىغۇچى: سابىرجان سېيىت (32)

چېچەن قىز بىلەن ئەقىللىق يىگىت ........................ توپلىغۇچى: ئابدۇرېشىت ئىبراھىم (63)

2000 ـ يىللىق 5 ـ سان

ۋاپادارىڭ مەن بولاي ........................ توپلىغۇچى: ھەسەن تىلىۋالدى (16)

قارا قاش، دەردىڭ يامان ........................ توپلىغۇچى: تۆرەك روزى (53)

چىلگىلەر پىشىپ قاپتۇ ........................ توپلىغۇچى: ئابدۇرېھىم يۇنۇس (54)

ئاللا، ئاللا ۋاي بالىلار ........................ توپلىغۇچى: ئەزىز مەتقاسىم (75)

2000 ـ يىللىق 6 ـ سان

يار سېنى سېغىنغاندا ........................ توپلىغۇچى: ئۆمەر قادىرى (33)

يۇرىكىم پارە بولدى …… توپلىغۇچى: ئەزىز روزى (53)

2001 ـ يىللىق 1 ـ سان

قوشاقلار …… توپلىغۇچى: تۆمۈر قادىرى (22)

2001 ـ يىللىق 2 ـ سان

ئاي قويايمۇ ئېسىمگىنى …… توپلىغۇچىلار: ئوبۇلھاشىم قاسىم، ئابدۇرېشىت خوجا (30)

2001 ـ يىللىق 3 ـ سان

سەن يارىمنىڭ ئىشقىدا …… توپلىغۇچى: مەمەتجان ئىسمائىل (15)

باغلىرىڭ تېرەك بوستان …… توپلىغۇچى: مۇھەممەتئىمىن توختى (51)

2001 ـ يىللىق 4 ـ سان

ئالما ئاتتىم ھويلاڭغا …… توپلىغۇچىلار: يۈسۈپجان قادىر، تۇرسۇن بەكرى (7)

2001 ـ يىللىق 5 ـ سان

خوتەن خەلق قوشاقلىرى …… توپلىغۇچى: روزى سايىت (54)

يار ئۈتى يامان …… توپلىغۇچى: ئەنۋەرجان سېتىۋالدى (69)

نىگارىمنىڭ ياغلىقى …… توپلىغۇچىلار: پاتىگۈل ئېزىز، ئايشەمگۈل ئېزىز

2001 ـ يىللىق 6 ـ سان

ئىنتىزار قىلما مېنى …… توپلىغۇچى: تۇرسۇن بەكرى (41)

خۇن قىلدىڭ يۈرەكىمنى …… توپلىغۇچى: نۇرمۇھەممەد خېلىل (42)

قاشىڭ قارىسى سەندە …… توپلىغۇچى: روزى سايىت (42)

2002 ـ يىللىق 1 ـ سان

قوغۇن قوشىقى …… توپلىغۇچى: ئۆمەر ئوسمان سىپائى (30)

2002 ـ يىللىق 2 ـ سان

يارىم بولسا يېنىمدا …… توپلىغۇچى: مۇھەممەدجان ئىسمائىل يۇناقى (31)

2003 ـ يىللىق 2 ـ سان

يارىم قارا كۆز …… توپلىغۇچى: روزى سايىت (27)

2004 ـ يىللىق 2 ـ سان

مەرھابا نورۇز …… (77)

2004 ـ يىللىق 5 ـ سان

رامىزان قوشىقى، پوتا قوشىقى …… توپلىغۇچى: جاسارەت جاپپار، قادىر نىياز (74)

2005 ـ يىللىق 1 ـ سان

ئۇيغۇر خەلق تارىخى قوشاقلىرى …… تەييارلىغۇچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر (7)

(ماقال ـ تەمسىللەر)

1999 ـ يىللىق 1 ـ سان

ماقال ـ تەمسىللەر …… توپلىغۇچى: ئەسقەر مەخسۇت (45)

ماقال ـ تەمسىللەر …… توپلىغۇچى: ئەسقەر مەخسۇت (66)

ماقال ـ تەمسىللەر …… توپلىغۇچى: يۈسۈپ ئىسھاق (69)

1999 ـ يىللىق 2 ـ سان

ماقال ـ تەمسىللەر …… توپلىغۇچىلار: غالىبجان تۇرسۇن، يۈسۈپ ئىسھاق، ئابدۇللا ساۋۇت (37)

1999 ـ يىللىق 5 ـ سان

ماقال ـ تەمسىللەر …… توپلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر (49)

ماقال ـ تەمسىللەر …… توپلىغۇچى: ھەسەن تىلىۋالدى (59)

ماقال ـ تەمسىللەر …… توپلىغۇچى: كامىلجان سېيىت (60)

1999 ـ يىللىق 6 ـ سان

ماقال ـ تەمسىللەر …… توپلىغۇچى: مۇھەممەدجان مۇرتىزا (68)

2000 ـ يىللىق 1 ـ سان

ماقال ـ تەمسىللەر …… توپلىغۇچى: ئېلتېكىن (18)

2002 ـ يىللىق 1 ـ سان

ماقال ـ تەمسىللەر …… توپلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (17، 71)

2004 ـ يىللىق 3 ـ سان

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى .................................................. (68)

(لەتىپە ۋە يۇمۇرلار)

1999-يىللىق 1-سان

ئىككى لاپ .................................. توپلىغۇچى: ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراخمان (67)

1999-يىللىق 2-سان

ئۇستا رازى لەتىپىلىرى .................................. توپلىغۇچى: ئەبەيدۇللا ماخمۇت (78)

1999-يىللىق 3-سان

ھىسام چاقچاقلىرى .................................. توپلىغۇچى: يارمۇھەممەد ئابدۇرېھىم (71)

1999-يىللىق 4-سان

يۇمۇرلار .................................. زۇمرەت غوپۇر تەرجىمىسى (34)

2000-يىللىق 1-سان

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى .................................. توپلىغۇچى: قاھار ئابدۇرېشىت (48)

موللام بىلەن سۆھبەت .................................. توپلىغۇچى: مەمتىمىن قۇربان (75)

2000-يىللىق 3-سان

فەخرىددىن سەفىي لەتىپىلىرى .................................. تەييارلىغۇچى: يى. ئى. ئىدىقۇتلۇق (43)

ھەج سەپىرىدىكى سۆھبەت .................................. توپلىغۇچى: غالىبجان مۇھەممەد (49)

يۇمۇرلار .................................. مۇبارەك غاپپار تەرجىمىسى (78)

2000-يىللىق 4-سان

نەسردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى .................................. توپلىغۇچى: قاھار ئابدۇرېشىت (58)

2000-يىللىق 5-سان

نەسردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى .................................. توپلىغۇچىلار: خۇرسەنئاي مەمتىمىن، قاھار ئابدۇرېشىت (58)

2000-يىللىق 6-سان

ئىككى يۇمۇر .................................. مۇبارەك غاپپار تەرجىمىسى (17)

2001-يىللىق 1-سان

نەسردىن ئەپەندى بىلەن ئاخۇن .................................. توپلىغۇچى: رەيھانگۈل ئىمىن (48)

يۇمۇرلار .................................. توپلىغۇچى: دىلمۇرات تەلئەت (62، 57)

2001-يىللىق 2-سان

يۇمۇلار .................................. توپلىغۇچى: دىلمۇرات تەلئەت (58)

2001-يىللىق 3-سان

يۇمۇرلار .................................. غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (33)

2001-يىللىق 4-سان

يۇمۇرلار .................................. غوپۇر قادىر، مۇختار مۇھەممەد تەرجىمىسى (50)

شىرىن دورغا لەتىپىلىرى .................................. توپلىغۇچى: مەتنىياز ئىبراھىم (78)

2001-يىللىق 5-سان

يۇمۇرلار .................................. مۇختار تەرجىمىسى (26)

2001-يىللىق 6-سان

موللا نورۇز لەتىپىلىرى .................................. شۆكۈر يالقىن (72)

يۇمۇرلار .................................. مۇختار تۇردى، ئاقىل شەمشىدىن تەرجىمىسى (76)

2002-يىللىق 1-سان

يۇمۇرلار .................................. مۇختار تۇردى تەرجىمىسى (65)

2002-يىللىق 2-سان

نەسردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى .................................. تۇركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابلىز ئورخۇن (53)

ئاتا-بالا يۇمۇرلىرى .................................. مۇختار تۇردى تەرجىمىسى (57)

2002-يىللىق 3-سان

يۇمۇرلار .................................. يارمۇھەممەد ئىبراھىم تەرجىمىسى (71)

2002-يىللىق 4-سان

تارىخىي لەتىپىلەر .................................. تەييارلىغۇچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق (6)

يۇمۇرلار .................................. شۆھرەت تەلئەت تەرجىمىسى (7)

شەيتان، شەيتان، شەيتان... ................................ (77)

2002- يىللىق 5- سان

يۇمۇرلار ........................ يارمۇھەممەد ئىبراھىم تەرجىمىسى (68)
ھەجۋىي رەسىملەر ........................................ (78)

2002- يىللىق 6- سان

يۇمۇرلار ........................ شۆھرەت تەلئەت تەرجىمىسى (73)
ھەجۋىي رەسىملەر ........................................ (78)

2003- يىللىق 1- سان

يۇمۇرلار ........................ توپلىغۇچى: ماخمۇت مۇھەممەد (52)

2003- يىللىق 2- سان

يۇمۇرلار ........................ مۇختار تۇردى تەرجىمىسى (68)

2003- يىللىق 3- سان

يۇمۇرلار ........................ شۆھرەت تەلئەت تەرجىمىسى (42)
ئەبۇ نۆۋەس لەتىپىلىرى ........................ تەييارلىغۇچى: تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن (47)

2003- يىللىق 5- سان

زىياپەت ئۈستىدىكى ئىشلار ........................ پاتىگۈل قاسىم تۆربەگ (63)
يۇمۇرلار ........................ تەييارلىغۇچى: ئابدۇللا روزىمۇھەممەت (69)

2003- يىللىق 6- سان

يۇمۇرلار ........................ شۆھرەت تەلئەت تەرجىمىسى (75)

2004- يىللىق 1- سان

يۇمۇرلار ........................................ (76)
شەيتان بەت ........................................ (77)

2004- يىللىق 2- سان

يۇمۇرلار ........................ توپلىغۇچى: كېرەم (76)

2004- يىللىق 3- سان

يۇمۇرلار ........................ توپلىغۇچى: يۇسۇپ ئىسھاق (73)
شەيتان بەت ........................................ (78)

2004- يىللىق 4- سان

يۇمۇرلار ........................ ئۆمەرجان ئىسمائىل تەرجىمىسى (77)
شەيتان بەت ........................................ (78)

2004- يىللىق 5- سان

يۇمۇرلار ........................ قەيسەر ئابلىكىم تەرجىمىسى (39)
شەيتان بەت ........................................ (77)

2004- يىللىق 6- سان

يۇمۇرلار ........................ خۇرسەنئاي مەمتىمىن تەرجىمىسى (25)

2005- يىللىق 1- سان

يۇمۇرلار ........................ قەيسەر ئابلىكىم تەرجىمىسى (55)
شەيتان بەت ........................................ (78)

2005- يىللىق 2- سان

سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ........................ توپلىغۇچى: جۇنەيد بەكرى (18)
يۇمۇرلار ........................ توپلىغۇچى: قادىر ئۆمەر (75)

2005- يىللىق 3- سان

ئەكرەم سىپتۇالدى لەتىپىلىرى ........................ ئەكرەم سىپتۇالدى (35)
يۇمۇرلار ........................ قەيسەر ئابلىكىم تەرجىمىسى (57)

2005- يىللىق 4- سان

يۇمۇرلار ........................ ئەزىزە تۇيغۇن تەرجىمىسى (76)


تۈزگۈچى: مۇختار تۇردى

(مۇندەرىجىنىڭ قالغان بۆلەكلىرى كېيىنكى ساندا داۋاملىق ئېلان قىلىنىدۇ)





قەيسەر ھسامدىن سىزغان




# مىراس

# 美拉斯

# MIRAS


主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑：《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层)电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I
国外统一刊号：ISSN1004—3829
代号：58-60　广告许可证号：6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
邮编：830001　定价：6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: 0991- 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58　باھاسى: 6.00 يۈەن
E- mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040